ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

لۇتپۇللا مۇتەللىپ

# يىللارغا جاۋاب



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

**ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى**

| | |
|---|---|
| ئابدۇخالىق ئۇيغۇر | **ئاچىل** |
| لۇتپۇللا مۇتەللىپ | **يىللارغا جاۋاب** |
| نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامىي | **ئالدىدا** |
| ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر | **ئۆمۈر مەنزىللىرى** |
| تېيىپجان ئېلىيېۋ | **تۈگىمەس ناخشا** |
| مۇھەممەد رەھىم | **جان تەسەددۇق** |
| مۇھەممەتجان راشىدىن | **ئانا تاغلار** |
| بوغدا ئابدۇللا | **قەدىمىي يارغولدا كەچ كۈز** |
| روزى سايىت | **ئانا تىلىم — زەر تىلىم** |
| ئوسمانجان ساۋۇت | **زېمىن قەسىدىسى** |

ISBN 978-7-228-11691-1
9 787228 116911 >
定价：12.00 元

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

لۇتپۇللا مۇتەللىپ

# يىللارغا جاۋاب

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

给岁月的答复：维吾尔文/鲁土甫拉·木塔力甫著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.6（2009.2 重印）
ISBN 978—7—228—11691—1

Ⅰ.给… Ⅱ.鲁… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. Ⅰ227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 081055 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 鲁土甫拉·木塔力甫 |
| 编　　者 | 牙里坤·肉孜 |
| 责任编辑 | 孜来哈·艾则孜 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 特约校对 | 阿依古丽·亚森 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | 0991—2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 4 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2008 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 2 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001—8000 册 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# نەشرىياتتىن

شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمائاتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونى چۈنجى يېزىسىنىڭ سايبويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تەخەللۇسى «قايىنام ئۆركىشى»، ئەركىلەتمە ئىسمى «لۇتئۇن»، قىسقارتىلما ئىسمى ل. مۇتەللىپ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ دادىسى ھېزىماخۇن ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىما بولۇپ، لۇتپۇللانىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. لۇتپۇللا يەتتە ياشقا توشقاندا، ئۆز يېزىسىدىكى يېڭىچە مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. 1931 ـ يىلى، ھېزىماخۇن ئائىلىسى غۇلجىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەردىن نىلقا ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاشقان. نىلقىدا يېڭىچە مەكتەپ بولمىغاچقا، دادىسى لۇتپۇللانى غۇلجىدىكى «تاتار مەكتىپى»گە ئوقۇشقا بەرگەن. لۇتپۇللا 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «تاتار مەكتىپى»نى پۈتكۈزۈپ «رۇس مەكتىپى»گە، يەنى «رۇس گىمنازىيىسى»گە ئوقۇشقا كىرگەن. 1939 ـ يىلى ئىمتىھان بېرىپ «ئۆرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، يەنى 1941 ـ يىلى يازدا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى تopoگرافىيە ھەم ئاسترونومىيە جەھەتتە تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە رۇس تىلى تەرجىمانلىقىغا بەلگىلەنگەن. بۇ ۋەزىپە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن لۇتپۇللا 1942 ـ يىل 2 ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇھەررىر بولغان. 1943 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «ئاقسۇ گېزىتى»دە مۇھەررىر بولغان. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇنى ئازاد قىلىش قىسمى ئاقسۇ شەھ-

www.uyghurkitap.com

رىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان جىددىي پەيتتە، يەنى 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېچىدە ئۆزىگە ئوخشاش 20 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر سەپدىشى بىلەن بىرلىكتە ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. 1956 - يىل 8 - ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى لۇتپۇللا مۇتەللىپنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئاتاش قارار قىلغان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ غۇلجىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا شېئىر يېزىپ «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلغان. كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، 1940 - يىللاردىكى ئاۋانگارت شائىرلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ»، «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش»، «خىيالچان سىلەك»، «يىللارغا جاۋاب» ناملىق نادىر شېئىرلىرى 1940 - يىللاردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى ياراتقان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە ئالاھىدە تالانتلىق بولۇپ، دراما ئىجادىيىتى، رەسىم ئىجادىيىتى، ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى تەشۋىقاتى، ئاكتىيورلۇق قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۇتۇق قازانغان. ئۇنىڭ تەسىرى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن.

يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت بېرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان ئىجادىيەت ۋە تەتقىقاتلار بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىر ئوت يۈرەك شائىر، ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى، نامى ئۆچمەس ئىنقىلابىي قۇربان سۈپىتىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياد ئېتىلىپ، ھايات پائالىيىتى ۋە شېئىرلىرى تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك ئوغلاندۇر.

بۇ توپلامغا شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرىي مىراسلىرى كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


خەلقىمگە ........................................ 1

«ئەپەندى» بولماق ........................................ 3

دېھقىنىمغا ........................................ 4

كۆرەشچان جۇڭگو خوتۇن - قىزلىرى ........................................ 6

بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى ........................................ 7

كۆكلەم ئىشقى ........................................ 10

چىمەن ........................................ 11

بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى ........................................ 13

جۇڭگو پارتىزانلىرى ........................................ 15

كۆرەش ........................................ 17

جانان ئەيلەر ........................................ 18

جۇڭگو ........................................ 19

چوڭ كۆرەش قوينىدا ........................................ 23

كۆرەش ئىلھامى ........................................ 25

كۆرەش سېپىدىن شەپە ........................................ 29

كۆرىشىۋاتىمىز ........................................ 30

ئىشلە، دېھقان ئاكا! ........................................ 32

كۆرەش دولقۇنلىرى ........................................ 34

خوش ........................................ 36


قىزىلگۈلگە پۈركەنگۈچە يەر - جاھان ........................................ 38

ئازادلىق تويى ........................................ 40

www.uyghurkitap.com


باتۇر يىللار ..... 42
مارشلار ..... 44
جۇڭگو قىزى رەيھانىنىڭ مارت شاملىغا بۇيرۇقى ..... 47
مۇخەممەس ..... 49
ماي ناخشىسى ..... 51
كەل، يېڭى يىل ..... 53
چوڭ قەھرىمان ئويغاندى ..... 54
دوستۇمغا ..... 56
يەنە ئويغان ..... 58
پارچىلار ..... 59
لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن ..... 60
ماي كۈرەشچان ئاي ..... 62
يانار تاغلار ..... 64
پارچە ..... 67
تون يىرىپ ئىزلار باسقاندا ..... 68
مۇخەممەس ..... 71
ياشلىق، ئۆگەن ..... 74
ھەسەن ـ ھۈسەن ..... 76
غەزەل ..... 79
پەرياد ..... 80
يىللارغا جاۋاب ..... 81
ئىككى شېئىر ..... 84
بىزنىڭ مەمەت ..... 85
كەل، باھار ..... 90
تەسراتىم ..... 92
كۆردۈم ..... 93
شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ ..... 94

چال، سازەندىم ........................................ 96
مۇھتەملات ........................................ 98
باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ ........................................ 99
خىيالچان تىلەك ........................................ 101
ئاخىرقى سۆز ........................................ 102
مۇھەببەت ھەم نەپرەت ........................................ 103

www.uyghurkitap.com

# خەلقىمگە

ئەي شىنجاڭ خەلقى، خىزمەتكە دائىم تەييار بول،
ئۈستۈنلۈكلەرنى جانلاندۇرۇشتا ھوشيار بول .
نېمىلەر چۆرگىلىمەكتە جۇڭگو بېشىدا،
خەلقىم، پۇرسەت يەتتى، ھەممىگە تەييار بول .

جەڭ مەيدانىدا غالىب بولماقتىمىز ،
قەھرىمانلارغا ياردەم توپلاش[1] كويىدا بول .
ئاخىرقى چوڭ ئۈستۈنلۈكنى ئېلىپ چىقىشقا،
جاھانگىرلارغا توسالغۇ ئۆڭكۈر ـ غار بول .


تىرىشقىن، خەلقىم، كېچە ـ كۈندۈز ئىش يولىدا،
ئاداققى دەمدە سائادەتلىك باھار بول .
ياخشى چۈشىنىپ سوۋېت بىلەن دوستلۇقنى[2]،
كۈرەشتە سەن قەھرىمان، جەسۇر بول .

قەدەم چىقماستىن ئازادلىقنىڭ يولىدىن،
مەھكەم بۇزۇلماس سېپىنىڭ قوينىدا بول .
ماڭغىن سائادەت دۇنياسىغا كەڭ ئاتلاپ،
ۋەتەن، ئەل ئۈچۈن قايتماس پىداكار بول .

ئازادلىق يولىنى مەزلۇملارغا ئېچىشقا،
ئۇلارنىمۇ ئىنسان قاتارىغا قېتىشقا،

**قاراڭغۇ ماكانغا ساپ نۇرلار چېچىشقا،**
**سۆيۈملۈك خەلقىم، قۇۋۋەتلىك ساپ نۇر بول .**

1937 ـ يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا



① شۇ يىللىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان 8 ـ ئارمىيىگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا « ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ھەيئىتى » تەشكىل قىلىنغان. بۇ ھەيئەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ياردەملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە يوللاپ بەرگەنىدى . — مۇھەررىردىن.

② 1933 ـ يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى «ئالتە چوڭ سىياسەت » نى يولغا قويغانىدى. بۇ، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش»تىن ئىبارەت. شائىر بۇ مىسرادا ئالتە سىياسەتنىڭ بىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن. — مۇھەررىردىن.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئىسكىلاتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئامبىرى

# «ئەپەندى» بولماق[1]

— بۇ يىل ئون ئىككى يىل بولۇپ قالدى، ئۇكام،
بۇ، ئەپەندى بولماق مېنى بىر بالاغا سالدى، ئۇكام.
شۇ ئون ئىككى يىل ئىچىدە ساقىلىمنى قىرىپ يۈردۈم،
كەينى يېرىق چاپانلارنىمۇ كىيىپ يۈردۈم،
لېكىن «ئەپەندى» دېگۈچىلەرنى ھېچ كۆرمىدىم، ئۇكام،
بىر جاۋاب بەرسىڭىزچۇ، «ئەپەندى» دېمەسكە يەنە نېمەم كام؟

— غەم يېمەڭ، ئاكا، ئۇنىڭ ئىشى بۇ زاماندا بەك ئاسان،
ھازىر ئۇدۇللا ماگىزىنغا بارسىز.
ئازراق پۇلىڭىزغا كاستۇمدىن بىرنى ئالسىز،
يەنە كازىبىك[2] تىن يانچۇققا بىرنى سالسىز،
يەنە ئالسىز ئاق كۆڭلەك ۋە ئۇزۇن گالستۇك،
بىر سېرىق شىبلىت كىيسىز ئاندىن ئۇنى موك.
تاماكىڭىزنى قىڭغىر چىشلەپ يۈرۈۋېرىڭ،
سىزنى «ئەپەندى» دېگۈچىلەرنى كۆرۈۋېرىڭ.

1937- يىل نويابىر، غۇلجا

---

① شائىرنىڭ بۇ ساتىرىك شېئىرى شۇ ۋاقىتتىكى «ئىلى گېزىتى»گە بېسىلغان. ئۇ چاغلاردا زىيالىيلار قوشۇنى ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋاقىت بولۇپ، كۆپ قىسمى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت ئىدى. كىشىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ «ئەپەندى» دەپ ئاتايتتى. شائىر بۇ ساتىراسىدا ئۆزى بىلىمسىز بولسىمۇ، زىيالىيلارچە ياسىنىش ئارقىلىق «ئەپەندى» بولۇش ئارزۇسىدا يۈرگەن بىر ئەخمەقنى مەسخىرە قىلىدۇ.

② كازىبىك — شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كەلتۈرۈلگەن تاماكىنىڭ بىر خىلى. — مۇھەررىردىن.

## دېهقىنىمغا

قىشلار كەتتى،
كۆكلەم يەتتى.
كۈننىڭ نۇرى
چېچىلدى.

ئاپئاق قارلار
ئېرىدى،
دېهقىنىم، باهارنى
سېغىندىڭمۇ؟

بوستانلاردا
قۇشلار سايراپ،
ئىشقى - شوقى
بىلەن قاراپ.

دەردلىك كۆڭۈلنى
ئاچقان
ئۇماق قۇشلارنى
سېغىندىڭمۇ؟

يەر قويىنىنى
تىلغاشنى

بۇگۈن يەنە
سېغىندىڭمۇ؟

ئېتىزلارنى
بوستان قىلىپ،
يەر باغرىغا
پاك كۆچ سېلىپ،

نۇرغۇن ھوسۇل
ئېلىشنى،
ئەي دېھقىنىم
سېغىندىڭمۇ ؟

كېچە - كۈندۈز
كەتمەن چېپىپ،
قارا يەردىن
ئالتۇن تېپىپ

ماڭلاي تەرنى
يەرگە سېپىپ،
ئېتىزلارنى
سېغىندىڭمۇ ؟

1938- يىل مارت، غۇلجا



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلار تورى

# كۆرەشچان جۇڭگو خوتۇن - قىزلىرى

« ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دەپتىكەن بىر ساددا،
ئىترەك، قارا يىللارنىڭ بىر «دانىشمىنى»( ! ؟ )

بىز ئەمدى ئارقىغا
تاشلىدۇق، بىز يىراققا،
«چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا»
دېگەن چىگىش ئۆتمۈشنى .

ئەقلىڭ بىلەن تەڭشەپ ئۆتمۈش يىللىرىنىڭ،
دەل كۆكسىگە كۆرەش خەنجىرىنى ئۇرساڭ؛
مىڭ بىر بالالار بىلەن چاپلاشتۇرغان سىرلىرى
ئېچىلىدۇ روشەن بولۇپ، قىلنى قىرىق يارساڭ .

ھەممىمىزلا كۆرەشچان بىز، يىللىرىمىز كۆرەش يىللىرى،
كۆرەشنىڭ نازۇك سىرلىرىنى ئۆگەندى
بىزدە ئەر - خوتۇن قىز.
ئۆتمۈشنىڭ تار يوللىرى قالدى ئارقىدا،
ماڭىمىز، ئېچىلدى —
ئالدىمىزدا داغدام يول — ئىز.

1938 - يىل مارت، غۇلجا

# بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى

كۆرەش، كۆرەش دەپ دائىما تىرىشىپ تۇرساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.
ھەر قەدەمدە كونا تۇرمۇش بىلەن ئېلىشىپ تۇرساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

جاھانگىرلار يەر يۈزىدىن تامام يوقالسا،
مەزلۇم ئەللەر يېڭى ھاياتتىن كەڭ يول ئالسا،
زادى تۈگىمەس سائادەتكە قەدەم قويسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ئۆمەكلىشىپ مەزلۇملار[1] بىلەن بىللە ئىشلىسەك،
ھەقىقەتەن يېڭى يولغا راست كىرىشسەك،
باراۋەرلىك ئۈللىرىنى مەھكەم قۇرساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

يوقسۇل، مىسكىنلەر ئەمدى تارتمىسا مۇشەققەت،
«ئاھ ... نەيلەي، قىسىلدىمغۇ» دېمىسە پەقەت،
ئازادلىقتىن شۇلارغا ياغسا مېھىر - شەپقەت،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ئېلىمىزدە ئىلىم - مەرىپەت ئېشىپ تۇرسا،
دولقۇنلاپ ئۆزىمىزدىن ئېشىپ تۇرسا،

خائىنلار يوللىرى كېسىلىپ تۇرسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ھەربىر يەردە زاۋۇت - فابرىكا ۋارقىراپ تۇرسا،
تۆمۈريولدا ئوت ھارۋىلار جارقىراپ تۇرسا،
ھاۋا قۇشلىرى ئۈستىمىزدە غارقىراپ تۇرسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

قەھرىمان ياشلار ئەمدى تەييار تۇرسا،
قەھرىمانلارچە ھەربىر ئىشتا ھوشيار تۇرسا،
قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغىمۇ چىراغلار يېقىلسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ئەسكى تۇرمۇش ھەر قەدەمدە ۋەيران بولسا،
ئىستىبداتچى قارا كۈچلەر گۇمران بولسا،
ئوقۇمىغان نادانلار ئەمدى ئىنسان بولسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

گۇرۇھ - گۇرۇھ زىيالىيلار قىلسا خىزمەت،
ھەربىر ئېغىر ئىشلارغا قىلسا جۈرئەت،
يۈكسەك كۆڭۈلگە دائىما توغرا نىيەت،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.


مىللەتچىلىك يىلتىزىنى يۇلۇپ تۇرساق،
ھەققەت دەپ مەيدىمىزنى كېرىپ تۇرساق،
جۇڭگونىڭ ئازادچى ئەللىرى بولساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ھەربىر ئىشتا ئەل خىزمىتىگە ئاساسلانساق،
قۇرۇپ تېخنىكا، ئېغىر ئىشنى ئاسانلاتساق،

تەرەققىيات يولىغا ئەزىز جاننى ئاتساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى .

مۇتەللىپ، سەن ھەقىقەتنى تارتىنماي سۆزلە،
غەيرەت بىلەن قۇزغۇنلار يوللىرىنى تورا،
بۇ يولدا ۋارقىرىساڭ ھەيۋەت بىلەن «ھۇررا»
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى .

1938- يىل ئاپرېل، غۇلجا



① مەزلۇملار — ئېزىلگۈچىلەر دېگەن مەنىدە. — مۇھەررىردىن .



www.uygurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# كۆكلەم ئىشقى

يېشىل كۆكلەم، سەن پەسىللەر ئەركىسى،
سېغىنىدىم، سېغىنغاندۇ سېنى ھەر كىشى .
يەنە گۈللەر بۇلبۇل ۋە سۇمبۇللار،
سېنىڭ نەقىش زىننەتىڭدۇر بۇلار ھەممىسى.
يەنە سۇلار، شارقىراتمىلار، شوخ شامااللار،
ئەركىلەپ، سۆيۈپ باغرىڭدا جەۋلان قىلغۇسى .
سۇزۇك تاڭ، سۇزۇك كەچ، ئايدىڭ تۈنلىرىڭ،
ئەمگەك كۈنلىرىڭ سىردىشىدۇر دېھقان بالىسى .
ئېتىز چىرايلىق، ئېتىز قايناق، ئېتىز يېقىملىق،
ئېتىز ئەمگەكنىڭ كەڭتاشا، ئەركىن سەھنىسى .
قۇش - قۇرتلار سازەندە، تورغايلار داپچى،
ئۇرغۇپ جاراڭلار ھەر يەردە ئەمگەك نەغمىسى .
چاپ كەتمەننى، تىلغا يەرنى، تەڭكەش قىلىپ،
شۇ سەھنىنىڭ سەنئەتكارى — دېھقان ئاممىسى .
ئانىسى ئۇرۇقچى، قىزلىرى سۆرەمدە، ئائىلە ئىشتا،
ھەربىر ئايال — داڭدار مېھنەت ئارتىسكىسى .
ئېتىزدا توي، داغدۇغىلىق كونسېرتنى قوي،
كۆكلەم ئىشقى — ياش شائىرنىڭ ئىلھامچىسى .

1938 - يىل ئاپرېل، غۇلجا

# چىمەن

چىمەن — ئىشچان قىز، زادى هارمايدۇ،
ئىشلەپ كېچە ـ كۈندۈز بىكار تۇرمايدۇ.
ئەمگەك يارىتىدۇ، ئاڭا جان ئاتىدۇ،
خۇشاللىق تاپىدۇ، لايغەزەل بولمايدۇ.

خوراز قىچقارغاندا، تاڭلار ئاتقاندا،
ئىلدام ئېتىزغا قاراپ چامدايدۇ.
ناخشىلار ئېيتىپ، تەرلەر ئاققۇزۇپ،
ئىشلاردا ئۈزۈپ، مۆلچەر قامدايدۇ.

كۆمۈش ئايدىڭلاردا، ساپ هاۋالاردا
ئورۇپ ئورمىلار چوڭلاردىن قالمايدۇ.
ئالتۇن باشلاردىن ئۈنچىلەر تىزىپ،
سۇرەتتەك قىلىپ باغنى باغلايدۇ.

كەيندە قالغانلار «ئۇھ» دەپ هارغانلار،
چىمەن كۈلۈپ قويغاندا ئالغا ئاتلايدۇ.
چىمەنگۈل شۇنداق، بىرىنچى هەر ۋاق،
ئاھ، ھەممە ئامراق «چىمەن» دەپ يادلايدۇ.

تېخى چىمەنگۈل «بەشىنچى»[1] بۇ يىل،
خۇددى ئۇ بۇلبۇل، كىتابقا قارايدۇ.



www.uyghurkitap.com

سەھنىگە چىقىپ ئوقۇسا ناخشا،
شېئىر يادلىسا، بۇلبۇلدەك سايرايدۇ.

ئوقۇش تۈگىسە، ئاتا ـ ئانىسى كۆنسە،
يەنە مەكتەپتە ئوقۇشنى ئويلايدۇ.
ئىلىم ئوقۇپ نىيەتكە، چۈشىنىپ سىياسەتكە،
ئەل ئارا خىزمەتكار بىر يوللا بويلايدۇ.

چىمەنىنىڭ مەقسىتى شۇ، ئاڭا يەتمەكچى ئۇ،
ئېيتىپ «قوزغال» نى خۇشال ئوينايدۇ.
دەۋر چىمەنلىرى بەرگەندە سالام،
مۇتەللىپ يۈرىكىدە ئىلھام قاينايدۇ.

1938 ـ يىل ماي، غۇلجا



① شائىر بۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 ـ سىنىپىنى كۆزدە تۇتىدۇ. — مۇھەررىردىن.

## بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى

بىز شىنجاڭ ئوغۇل قىزلىرى، بىز ئۈمىد يۇلتۇزلىرى،
كۆرەش قاينىمىدا ئۆسكەن، كىرسىز ـ پاك قۇندۇزلىرى .
بىز ئۈمىد يۇلتۇزلىرى،
كەلگۈسىنى كۆزلەيمىز ھامان .

ئالىي بىزنىڭ تىلەكلەر، ئىشچان باتۇر بىلەكلەر،
دائىم ئالغا ئىنتىلىدۇ دولقۇنلاپ ياش يۈرەكلەر .
ئالىي بىزنىڭ تىلەكلەر،
ئالغا ئاتلايمىز تىنماي ھەر زامان .

ناخشا ئېيتىمىز تارتىنماي، ۋەتەن يولىدا تىنماي،
بىرلىك سەپتە تەكشى ماڭىمىز، بىر ـ بىرىمىزدىن قالماي .
ۋەتەن، ئەل يولىدا تىنماي،
قەھرىمانلارچە ماڭىمىز كۆزلەپ مەيدان .

ئېگىز ـ پەسنى تۈزلەيمىز، يېڭىلىقنى كۆزلەيمىز،
«مەزلۇملار، بىرلىشىڭلار!» دەپ دائىما سۆزلەيمىز .
ئېگىز ـ پەسنى تۈزلەيمىز،
پۈتۈن جۇڭگونى قىلىمىز گۈلستان .

بىزگە قەدىرلىك ئەمگەك، شۇڭا يېپىشىمىز بەك،
ئەمگەك بىلەن ھەر ئىشىمىز ئالغا ماڭار دېگەندەك .

بىزگە قەدىرلىك ئەمگەك،
ئەمگەك بىلەن پەيدا بولار ھۆر ماكان .

بىز كۆرەش يارىتىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان ئاتىمىز،
كۆرەش بىزگە شۇنداق يېقىن، ئۇ ئاتا ـ ئانىمىز .
بىز كۆرەش يارىتىمىز،
كۆرەش بىلەن كېلىدۇ بىزگە چوڭ دەرمان .

سازىمىزنى قولغا ئېلىپ، بىرلىك پەدىگە چېلىپ،
خەلقئالەم دىققىتىنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىپ،
بىرلىك پەدىگە چېلىپ،
قويمايمىز يۈرەكتە ھېچ ئارمان .

جەڭ قايىنىمدا قايناپ، جەسۇرانە مەيداندا ئويناپ،
ھەر مىنۇتتا غالىب كېلىپ، ئەزىز تۇپراقنى قوغداپ،
ھەر مىنۇتتا غالىب كېلىپ،
بولىمىز راست ئازادچىل قەھرىمان .

1938 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا

## جۇڭگو پارتىزانلىرى

جەڭ قايناملىرى دېڭىزدەك قايناپ تۇرىدۇ،
ئاچ كۆز ياپونلار بىزگە قارشى سويلاپ يۈرىدۇ.
ياغدۇرۇپ بومبا، چېچىشىپ زەھەرلىك گازلار،
يېرتقۇچ هايۋاندەك قان ئىچىپ، بويلاپ يۈرىدۇ.
شۇ پورۇقلىغان چوڭ كۈرەش، مەيدان ئىچىدە،
كۆكرەكلەر كېرىپ بارماقتا بىزنىڭ پارتىزانلار.
سوققىلار بېرىپ هەر قەدەمدە فاشىستلارغا،
قانلار كېچىشىپ ئىنتىقام ئالماقتا ئارسلانلار.
تۈن كېچىلىرى ياتمايدۇ دۈشمەننى كۆزلەپ،
قايتىدۇ جەڭدىن ياۋنى يۇمىلىتىپ يۈزلەپ.
ئالىي بولغاچقا تىلىكى، قىلماي هېچ نالە،
كېتىپ بارىدۇ ياپوننىڭ ئاكوپىنى تۈزلەپ.
ئېغىرلىقلارغا چىدايدۇ، ئىزدىن تايمايدۇ،
قىزغىن جەڭلەردە هەرگىز ئارقىغا يانمايدۇ.
ۋەتەننى ئازادلىق ـ هۆرلۈككە يەتكۈزمەي تۇرۇپ
كۈرەش كەۋسىرىن ئىچىپ يۈرىكى قانمايدۇ.
ئەنە قولىدا جۇڭگو ئەلىمى يەلپۈنىدۇ،
«ۋەتىنىم!» دەپ ئالغا قاراپ تەلپۈنىدۇ.
باسقۇنچىلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاشقا
هەر چامدامدا ئالغا قاراپ تەمشىلىدۇ.
ئىشقا ئاشمايدۇ ياۋنىڭ مەخپىي پىلانلىرى،

چۆچۈتەلمەيدۇ بومبلاپ ئايروپىلانلىرى .
كۆتۈرۈلسە گەر دۈشمەن كۆككە خۇددى قۇشتەك،
چۈشۈرىدۇ تىك، مەرد جۇڭگو پارتىزانلىرى .

1938 ـ يىل سېنتەبىر، غۇلجا



# كۆرەش

كۆرەشنى قىزىتتۇق بىز، ئاخىرقى يېڭىش بىزنىڭدۇر،
كۆرەشكەنسېرى چېڭىش، زەپەرلىك سۈرئەت بىزنىڭدۇر.

كۆرەشكەن ھەر فرونتتا، ھەر دائىما بىزلەر يەڭدۇق،
يېڭىشتە ئالغا مېڭىش، كۈچ ـ قۇۋۋەت بىزنىڭدۇر.

ئەسىر بويى مەزلۇملار زۇلۇم ـ زوقۇملار تارتىپ كەلدى،
جاھانگىر ـ جاللاتلارنى يوق قىلىش نۆۋەت بىزنىڭدۇر.

شۇڭلاشقا بۇ كۆرەشنىڭ قايناملىرىغا چۆشتۇق بىز،
ئازادلىقنىڭ يولىدا چىن غالىبىيەت بىزنىڭدۇر.

بۇ كۆرەش ئىقبالىدىن قايناق تىلەك تاغدەكتۇر،
ئەڭ ئاداققى زور يېڭىش، يېڭى ھايات بىزنىڭدۇر.

1938 ـ يىل سېنتەبىر، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى...

## جانان ئەيلەر

بۇ كۆرەش مەزلۇملارنىڭ بەختى ـ تەلىيىن گۈلىستان ئەيلەر،
ئەزگۈچى، قانخور جاھانگىرلارنىڭ باغرىن كىسەر، قان ئەيلەر.

مەزلۇملارنىڭ قۇدرەتلىك بىرلىك كۈچىن يېڭەلمەيدۇ دۈشمەن،
دۇنيادا ۋەھشىيلەر تەختىن قويماستىن چاقار، ۋەيران ئەيلەر.

يورۇقتۇر مەزلۇملار ئىقبالى كۆرەشكەندە ئالغا چامداپ،
گاڭ بىلەكلەر تاۋلانغان، دۇنيانى چاپسان كەڭ مەيدان ئەيلەر.

«قوزغال، ئەمدى قۇللۇقنى خالىمىغان ئىنسان ئەۋلادى»،
كۆرەش، ئالغا چامدا، بۇ كۆرەش بەختىڭنى ئاچار، جانان ئەيلەر.

1938 ـ يىل سېنتەبىر، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتابلار ئامبىرى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئامبىرى

# جۇڭگو

جۇڭگو...
جۇڭگو! ئانا يۇرتىمىز سەن،
چۈنكى بىز مىليونلىغان خەلق
سېنىڭ ئۇماق قوينۇڭدا
ساپ ھاۋاڭدا چوڭ بولغان؛
تېپىپ سېنىڭدە ئەقىل،
ئۆزىمىزنى تونۇپ ئۇلۇغ بولغان.

ئېخ!
شۇڭلاشقا جۇڭگو،
بىزنىڭ بويىنىمىزدا تۈگىمەس قەرزىڭ بار،
ئۇنى بىز مۇكەممەل قىلىمىز ئادا،
بۇ يولدا جېنىمىز پىدا.
شۇڭلاشقا مانا
كېچىپ دېڭىز ئوخشاش قانلار،
ئىگە بولۇۋاتىمىز
تارىختا كۆرۈلمىگەن ئۇتۇقلارغا.
بىراق، سەن جۇڭگو،
ئويلىساڭ ئىدىڭ،
بىردىن ئۆتمۈش تارىخىڭنى ۋاراقلاپ ؛
شۇ چاغ روشەن بولاتتى،
سەندە كىملەر

كۆلدى ۋىلقلاپ ...
ئاچ، تارىخقىنى!
سېنى غالجىرلار،
قانخور مەنچىگلار،
گۆشۈڭنى شىلگەندى،
ھەم تەييارتاپ جاھانگىرلار
سېنى تەقسىم قىلىپ بۆلگەندى.
ياپونىنىڭ قارا قاغىلىرى
قونۇپ دەرەخلىرىڭگە،
سېنى ئالداپ ھەريانىدىن چوقىلىغانىدى؛
شېرىن سۆزلەپ،
ھىيلىگەرلىك بىلەن
قېنىڭنى شوراپ، قورسىقىنى توقلىغانىدى.
«ئالىي جىنس بىز،
ھاكىمىيەت بىزگە خاس» دەپ،
ئەلگە ھەددىدىن تاشقىرى زۇلۇمنى سالدى.
ئەي تارىخ، يانما!
بولدى سەن ئەمدى ئۆتتۈڭ،
سەن قارا تارىخمۇ ...
شۇ قارا گەۋدىلىك يىللار بىلەن پۈتتۈڭ.
ئەمدى بىز ئاچىمىز،
ئۆزىمىزنى يازىمىز،
پارلاق، ئاق يېڭى تارىخ بېتىگە.
مانا ئەمدى ھېساب؛
چۈنكى بىز
«ماھىر جۇڭگو ئازادچى قەھرىمانلىرى»
دەپ ئاتالدۇق.
ھەم پۈتۈن دۇنيا تارىخىغا

ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

ئۆچمەس
ئالتۇن سىياھلار بىلەن يېزىلدۇق .
مانا شۇنىڭغا دەلىللەر
بىز ئاچتۇق يېڭى يول،
ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەشلەر قىلدۇق .
ئەمەلگە قويدۇق
تارىخىڭدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىشلار .
بىز قۇرۇشقا
ئازاد يېڭى جۇڭگو
ئېتىۋاتىمىز بىر جان .
بىر تەن،
مانا كەك مەيداندا «گې مىنزۇ»[1]
ئويلا، چوك شەرەپتۇر بىزگە بۇ .
شۇڭلاشقا مانا دۇنيانى چاك كەلتۈرۈپ،
دۈشمەنلەرنى دىر ـ دىر تىترىتىپ
قىلىۋاتىمىز جەك .
«فەندى» [2] بىزدە كۈچلۈك،
بولغاچقا يالقۇنلۇق،
بولالمايدۇ بىز بىلەن ياپون تەك .
تېخى ئاتىمىز يانماي،
غۇلاچنى كەك .
ئەمدى جۇڭگو،
يېڭى پارلاق تارىخ ئاچ،
بۇ كۆرەش يىللىرىنى ئوچۇق ياز .
قوي بۇ باتۇر يىللارغا
تارىخي كۆرسەتكۈچ قىلىپ
ئاپىرىن، تەھسىن، ئىمتىياز...
ياز!

كۈرەش مەنبەسى دۈڭبيي، لوگۈچياۋنى .
ياز!
ۋەتەنپەرۋەر، جەسۇر
ياش ئەسكەرلەرنى،
ياز! ئارسلانلارنى،
يانماس كۆڭۈللۈك پارتىزانلارنى .
ياز!
ئارقا سەپتە تۇرغان
گۈزەل شىنجاڭنى!
مانا شۇنداق، جۇڭگو،
مەيداندا ئويناپ،
ھەر مىنۇتتا سېنى قوغداپ،
سېنىڭ ئىستىقبالىڭنى
قولغا ئالىمىز.
دۇنيادا بىرلا قىلىپ
يېڭى، مۇستەقىل جۇڭگو قۇرىمىز.
جۇڭگودا مەڭگۈ
لەپىلدىتىپ،
تا ئەبەدىي چۇشمەس قىلىپ،
ئازادلىق تۇغىنى قادايمىز.

1938 ـ يىل سېنتەبىر، غۇلجا

①«گې مىنزۇ» — شۇ ۋاقىتتا ئازاد رايونلاردىن تارقالغان «ھەممە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشايلى» دېگەن ناخشا.
②«فەندى» — جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش دېگەن مەنىدە . — مۇھەررىردىن .

## چوڭ كۆرەش قويندا

كۆڭۈللۈك چاڭ ـ چاڭ سايراپ،
تەلپۈنۈپ، خۇشلىنىپ ئويناپ .
هايات ياكى مامات
مەيدانىغا چۈشتۇق بويلاپ .

قالمايدۇ يۈرىكىمىزدە ئارمان،
بولساق مۇندا قۇربان،
چۈنكى چېلىش بىلەن بىز
تاپىمىز چوڭ دەرمان .

كۆچلۈك قولىمىز،
كىرسىز، پاك يولىمىز.
مەيدىلىرىمىز ساپ گاڭ،
دائىم هوشيار بولىمىز.

دۇنيانى هەيران قىلىپ،
دۈشمەننى ۋەيران قىلىپ،
چېلىشىۋاتىمىز مانا
ياۋنى گۇمران قىلىپ .

ئۇ، دەهشەت، تاجاۋۇزلار،
ئۇ ، زەهەرلىك گازلار،

قورقىتالمايدۇ بىزنى
ئۇ، فاشىست ياۋۇزلار.

ئەمدى سەن فاشىستلار،
ئالدامچى، غالجىر ئىتلار،
بوزەكلەرنى چاقالمايسەن
سەن لوجى، پىتلار.

چۈنكى مىليونلىغان ئەل،
باغلىدى مەھكەم بەل،
ھەم ماڭدى سۇرئەت بىلەن
مەيداننى كۆزلەپ دەل.

مەقسىتى پەقەت
قۇرۇش سائادەت،
سەن قانخورلارغا
بەرمەك زاللەت.

ئەنە چوڭ مەيداندا
ھېسابسىز قەھرىمانلار،
دۈشمەنگە كولاۋاتىدۇ گۆر
چوڭ كۈرەش قوينىدا.

1938 - يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا

## كۆرەش ئىلھامى

ئېغىر يىللارنىڭ ئېيتقۇسىز
قايىنىغان قايناملىرىدا ،
ماتروسلارچە ئۈزۈپ
باشتىلا قايناپ پىشتۇق ؛
شۇڭلاشقا قاينام سۆيىنى
خۇددى كەۋسەردەك ،
ئالاھىدە باھا بېرىپ ،
زوق بىلەن يارىتىپ ئىچتۇق .
يەنە بىزنى تۆت كۆزى بىلەن
بەك ساقلاپ تۇرىدۇ ،
ئالدىمىزدا پورۇقلىغان
ھەر چوڭ قايناملار .
تېخى بىز قەھرىمانلارچە
چېقىپ ، پارچىلاپ ئۆتىدىغان
بار ئالدىمىزدا نۇرغۇن
ئەسكى پۇتلاش تاملار .
شۇڭلاشقا ، جان دوستۇم ،
ھەئە! شۇنداق ،
كىچىكىدىن باشلاپ ،
ئۆزىمىزنى چوڭغا سالدۇق .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

بۇ ئېغىر يىللارنى بىزگە
ھېچكىم مەجبۇر قىلمىدى،
پەقەتلا ئۆزىمىز
كۆڭۈللۈك خالاپ ئالدۇق .
ئىشەنمىسەڭ يۈرىكىمگە
يېقىن كېلىپ تىڭشا، بېرى كەل!
تۇرىدۇ لاۋۇلداپ خۇددى
يانغان قىزىل چوغدەك .
ئېغىر يىللارنى ئالدىراپ
ئىلدام سۆرەيمەن دەيدۇ،
كۈرەش سېپى ئالدىدا
لەپىلدىگەن تۇغدەك .
تۈنۈگۈنلا پۇشۇلداپ،
تەر تۆكۈپ، ھاسىراپ ئۆتكەن،
ئېغىر ئىزلىرىمغا بۈگۈن
ئايلىنىپ قارىسام،
سېزەلمەي يۈرۈپتۇ،
ئۇماق چېچەكلەرنى
ھېلىقى سەن ماختىغان
داڭلىق، ئۇستا رەسسام .
كۆردۇڭمۇ ئالدىمىزدىكى
چوڭ ئېغىر داۋاننى؟
ئىچىدىكى تىك غار،
تا بىز ئۆتىدىغان يول .
تۇماق قىرلاپ، يۈكنى مۈرىگە ئارتىپ،
ناخشا ئېيتىپ،

پاڭشلىك چىقىپ كېتەيلى،
دوستۇم، ھوشيار بول .
چوغدەك كۆكۈلگە بىرمۇنچىلا
سۇ قۇيماقچى، بىل .
شۇلارغا، دوستۇم، سەن
سىلىق كۆز بىلەن باق .
بارغانسېرى ئۇلارنىڭ
كۆزلىرى قارىغۇلىشىپ،
كۈرەش يىللىرىنىڭ
چوڭقۇر ئورىسىغا چۈشىدۇ جاق .
مانا شۇ چاغ بىز كېچىپ
ئۆتكەن لايلىق سۇلار
قالدۇرىدۇ بىزنى
پەقەتلا... ھەيران .
چۈنكى ئاندا تىزىلغان
بولىدۇ تازا لىققىدە،
كۈرەش يىللىرى تەرىپىدىن
كۆپ ئۈنچە ـ مارجان .
ئۇنىڭ ئىچىدە ئوينىغان
مىليونلىغان بېلىق،
شۇ ئۈنچە ـ مارجانلارنى
چاچرىتىپ ئوينايدۇ .
ئىخ! كۈرەشنىڭ ئاداققىسى
مۇشۇمۇ دەپ ،
ئېغىر يىللارنىڭ باتۇرلىرى
چۆمۈلۈپ تويمايدۇ .

تېخى تۈنۈگۈنلا تام تۈۋىلىرىدە
توپىغا مىلىنىپ
مەن ئىدىم، دوستۇم،
ئويناپ يۈرگەن مۇتەللىپ .
مانا بۈگۈن كۈرەش قوينىغا
ئۆزۈمنى ئاتتىم،
كۈرەش دولقۇنلىرىدىن
تاتلىق ئىلھاملار ئېلىپ .

1938 ـ يىل نويابىر، غۇلجا



www.uyghurkitap.com

# كۆرەش سېپىدىن شەپە

خەلقىم ئۇزاق يىللار جەبرۇ زۇلۇملار چېكىپ كەلدى،
زۇلۇم دەستىدە كۆز يېشى دەريادەك ئېقىپ كەلدى .
قانچە رەت قوزغالدى ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق ئىزدەپ،
يېتەلمەي مەقسىتىگە، شۇم قارا تاغلار بېسىپ كەلدى .

ئەمدىچۇ؟ ئازاد ـ ئەركىنلىك ئۈچۈن كەلدى كەڭ پۇرسەت،
ھەممە كۆرسەتكەچكە بۇ يولدا چىدام ۋە غەيرەت،
ياغدۇردى ئىستىبداتچىلارغا لەنەت ۋە نەپرەت،
شۇڭا بىز كۈتكەن سائادەت كەڭ قۇچاق ئېچىپ كەلدى .

بىز ھازىر ھەر فرونتتا قىلىۋاتىمىز كەسكىن جەڭ،
ئازادلىق يولىدا ئوتتەك يېنىپ ئون ئۈچ مىللەت تەڭ،
بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئىزىلگۈچىلەر تۇرۇپ يەڭ،
غەلىبىمىزگە تەڭكەش بولۇپ زەپەر مارشى يېتىپ كەلدى .

1938 ـ يىل نويابىر، غۇلجا

# كۆرۈشۈۋاتىمىز

بىز كونا دۇنيا بىلەن كۆرۈشۈۋاتىمىز،
ھەربىر ئىشتا،
ھەرقەدەمدە
چېپىش ياساپ،
بىر - بىرىمىزنى سورىشىۋاتىمىز.
ئەنە ئالدىمىزدا
ئوتلۇق ۋولقان،
كۆيدۈرىدۇ ئەسكىنى
قىلىپ كۇكۇم - تالقان.
قارىغۇلار ئەتراپىغا،
رەڭمۇ رەڭ، چېچىرايلىق
يېڭىشتىن گۈللەر ئېچىلغان.
قارىغۇ، قاڭسىق بۇلۇڭلارغا
خۇشبۇي چېچىلغان.
مانا!
كونا دۇنيا بىلەن خوشلىشىۋاتىمىز،
خۇراپات بىلەن ئېلىشىۋاتىمىز،
ھەر قەدەمدە سىلىشىۋاتىمىز.
شۇڭلاشقا،
ئۆلكىمىزدە ئىستىقبال چېچەكلىدى،
بىز بۇلبۇل بولۇپ
سايراۋاتىمىز،

هاياتقا ئىشق ـ شوقىمىز بىلەن قاراۋاتىمىز،
خەلق خىزمىتىگە ياراۋاتىمىز.
ئەسكىلىكلەر ئورنىغا يېڭىلىقلار،
كۆرۈۋاتىسىلەر، قاداۋاتىمىز.
ئىستىبداتچىل چىرىك نىيەتلەرنى
تارمار ئەتتۇق،
يەنە ئەتمەكچىمىز.
ئەنە!
جاھانگىر ياپونلارنى
قانلىق مەيداندا دىر ـ دىر تىترەتتۇق.
بەلنى باغلاپ،
چاغنى چاغلاپ،
ئىش مەيدانىغا ئىرغىدۇق.
ئىشلەيمىز،
يېڭى ھايات مېۋىسىدىن چىشلەيمىز.
ئۆمۈر بويى نۇر چاچار،
بىز كۈتۈۋاتقان مەڭگۈ ئازادلىق
مەزلۇملارغا بەخت ئىشىكىنى كەڭ ئاچار.
ئۇنىڭ بىلەن بىز
خۇراپاتنىڭ توپىسىنى كۆككە سورۇيمىز.
بىزنى كۈتمەكتە
پارلاق ئىستىقبال؛
خوش، خوش... كونا دۇنيا،
سېنىڭ بىلەن كۈرەشۋاتىمىز.

1939 ـ يىل مارت، غۇلجا

# ئىشلە ، دېھقان ئاكا !

بۇ مىنۇت ـ سېكۇنت تازا ئىشلەشنىڭ چېغى،
ئەمگەكچى، باتۇر دېھقىنىم، تىنماي ئىشلە .
كەڭتاشا ئېتىز ساپ ئەمگەكنىڭ بېغى،
ۋاق يېتىپ قالدى، قوشناڭدىن قالماي ئىشلە .

ئېيتقىن ناخشاڭنى ھاۋالاردا لەيلىسۇن،
دوستلىرىڭ كۆلۈپ ئاھاڭغا زوق ئەيلىسۇن،
چېپىپ كەتمەننى، باتۇر قولۇڭ تالمىسۇن،
ئەمگەك بىلەن دۇنيا جەننەتلىگىن ئاڭلىسۇن .


ناخشاڭغا مۇڭداش بوپ دوستۇڭ بوز تورغاي،
ئۇمۇ چىرىلداپ ناخشىسىنى ئېيتقاي .
قۇچاقلىشىڭلار، مۇڭدىشىڭلار دەردمەنلەر،
كەڭ ئېتىز جىلغ ئەمگەكنىڭ ۋايىغا تولغاي .

بېلىڭنى باغلاپ، تۇرۇپ پۇچقاق ـ يېڭنى،
ئىشلە قېلىشماي، يەرگە قويماي كەتمىنىڭنى .
شۇ چاغدا مايلىق پولۇغا تېگىشمەيسەن،
ماڭلايدىن تامچىلاپ تەر ئاققاندا يېگەن نېنىڭنى .

ئەمگەك بىلەن خۇشال ـ خۇرام ياشايمىز،
كۆڭۈلدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشنى باشلايمىز .

بۇ قايناملاردا پىشقان باتۇر بىلەكتە
جاھانگىرلارنى يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلايمىز.

1939 ـ يىل ئاپرېل، غۇلجا





www.uyghurkitap.com

# كۆرەش دولقۇنلىرى

كۆرەش دولقۇنلىرى قايناق، غۇلاچ تاشلاپ ئوينايمىز،
كۆرەش بىلەن دىلدىكى مەقسەتلەرنى ئورۇندايمىز.
جۇڭگو ئازادلىقى شەكسىز گەۋدىلەندى كۆرەشتە،
تېخى دۇنيا يوقسۇللىرىنىڭ تويلىرىنى ئوينايمىز.
يېڭى تۇرمۇش ساھەسىدە ئېغىر يىللار شۇنچە كۆپ،
شۇڭلاشقىمۇ بۇ كۆرەشكە ھېلتىنىلا تويمايمىز.
يولىمىزدا پۈتلاش قالدۇق ــ ئەسكىلىكلەرگە ھۇجۇم،
چۈنكى ــ چاتقال لوجىلارنى ھېچ قالدۇرماي ئۆرتەيمىز.
جىق تارىخ كۆرسەتتى بىزگە كەلگۈسى ھەم ئۆتمۈشنى،
ئالدىنقىسى تەزىم قىلدى، زادى يەتمەي قويمايمىز،
ئۆتۈپ بىردىن قانلىق داغلار، كۆرۈنمەكتە يېڭى باغلار،
چېلىش بىلەن ئالغا يۈگۈرۈش يوللىرىدىن يانمايمىز.
ئەمگەك سۆيەر ئىنسانلار بۇ كۆرەش تەرەپدارى،
شۇڭا كۆرەش ناخشىسىنى بىز دائىما توۋلايمىز.
بەخت ياكى بەختسىزلىك ئەمەس ھېچ ۋاقىت پېشانىدە،
تىرىشچانلىققا باغلىق، شۇڭا «ئالغا»نى بويلايمىز.
كىملەر ئۇ ئېكۋاتور بويلاپ زۇلۇم ئاستىدا ياتقان،
ئاھ..شۇلارنى ئويلاپ بۈگۈن تېپىرلاپ تۇرالمايمىز.
كۆپچىلىك ئېزىلگۈچىلەر ھەممىسى بىزنىڭ ياقتا؛
توختا، ئالدىرىما...يىللار ئۆتۈپ، ئۇلارنى قۇچاقلايمىز.
قاقاس چۆللەردە ئاتىدۇ شۇ چاغ كۆرەش چېچىكى،

ئۇلار ئارىسىدا خۇددى كۈن نۇرىدەك پارقىرايمىز.
ئۆتۈپ بىردىن قانلىق داغلار، كۆرۈنمەكتە يېڭى باغلار،
كۆرەش دولقۇنلىرى بىلەن ھۆرلۈك تۇغىنى قادايمىز.

1939 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا

# خوش[1]

ئۆسكەن يېرىم، مېنى كەتتى دەپ زادى زارلانما،
ئۆزۈڭمۇ بىلسەن، بىز بارىدىغان شەھەرنى .
يېڭى ھايات نۇرلىرى، ئەرك غۇنچىلىرى
ئېچىلىپ دولقۇنلاپ قاينىغان شەھەرنى .

كۆرسەڭ ئىدىڭ، شەھرىم، ئاندا مەكتەپ، ئالىي جايلارنى،
ئاندا زېرەك، چېۋەر، تەكشى ئۆسۈۋاتقان كۆچلەرنى .
ئاندا كۈرەش، ئاندا قايناش، شەربەتلىك باغلار،
ئاندا پىشىپ، ئاندا مەي بولۇپ كېلىۋاتقان يېمشلەرنى .

مانا بۈگۈن مەنمۇ شۇ دولقۇننىڭ كەڭ قوينىغا
قېيالىغاچ بولۇپ ئۆزۈمنى ئاتىمەن .
شۇ شەھەردە ئوزۇق ئېلىپ دىلىمغا،
تاۋلىنىپ، يۈرەككە يېڭى كۆچلەرنى تاپىمەن .

ئېخ! دولقۇنلۇق ئۇندىكى قاينام نامايىشلار،
قان بېرىدۇ يۈرەككە، قىلىدۇ دىلنى مەپتۇن .
قارا مۇشت قوللار سوزۇلغاندا تۇغلارغا،
سۈرۈلگەندى قېچىپ ئۇندىنمۇ قاپقارا تۈن .

..........................................

www.uyghurkitap.com

كېلەرمەن يېڭى قۇۋۋەت توپلاپ يۈرەككە،
ئۆلكەمنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا ئىشلەش ئۈچۈن.
بىلدۈرۈپ ئاندىن ئالغان ساۋاقلارنى خەلقىمگە،
ئالىي بالداق مېۋىسىنى پاتراق چىشلەش ئۈچۈن.

مەن كەتسەم، مېنىڭ ئورنۇمغا مىڭلىغان ياشلار بار،
بىزدە ھازىر، شەھىرىم، ئورۇن قالماس ھەرگىز بوش.
سەنمۇ زادى چىقمايسەن ئېسىمدىن ئەسلا ـ ئەسلا،
مەن كەتتىم ئۇ شەھەرگە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھىرىم، خوش!

1939 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا



① شائىر بۇ شېئىرنى 1939 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭغان ۋاقتىدا يازغان، شېئىر «ئىلى گېزىتى»دە بېسىلغان. ــ مۇھەررىردىن.

## قىزىلگۈلگە پۈركەنگۈچە يەر ـ جاھان

بىز باشتىلا كۆرەشنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالغان،
شۇڭلاشقىمۇ كۆرەشنىڭ سازىنى جاراڭلىتىپ چالغان،
ئازادلىق، ئەركىنلىك دەپ ھەممە بىردەك تەڭ قوزغالغان،
ھەئە...تۈنۈگۈن جۇڭگو «ئەپيۈنكەش» نامىنى ئالغان،
شۇنداق، ئۇ قانچە ۋاقىت مۈگدەپ تاتلىق ئۇيقۇدا قالغان .

بۈگۈن ئۇ داغلىرىنى يۇيۇپ، بىرمۇبىر تازىلاپ،
تۆكۈرۈپ ئۆتمۈشكە، كەلگۈسگە بېلىنى باغلاپ،
ئىككى يۈزلۈك ساتقىنلارنىڭ زەربە بىلەن گېلىن داغلاپ،
ئۇ غېجەكنى ئازادلىق مۇقامىغا تەڭكەش قىپ سازلاپ،
ئېغىر يىللاردىن يانماي، ئالغا قاراپ ئاتلار سالغان .

ئازادلىق ئۈچۈن چوغدەك يانغان بىزنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلەر،
قانلىق فرونتتا قىلىچ ئوينىتىپ تالمىغان بىلەكلەر،
ئالدىغان ھوسۇل ئۈچۈن مەيلى تۆكۈلسۇن ئەمگەكلەر،
لېكىن ھەر چامدامدىمۇ ئورۇنداالماقتا ئالىي تىلەكلەر،
بۇ يولدا ئاكوپلاردا قۇربان بېرىپ چالدۇق باراban .

كۆرەشكە دەپ تاشلىغان ھەربىر قەدەم شۇنچە ئۇتۇقلۇق،
بىرلەپ ئۆلسەك بۇ يولدا، چېچەكلەپ مىليونلاپ ئۈندۈق،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇشچۈن سېمونتتىن چىڭ ئۇللار قۇردۇق،

چىلىك بولسۇن دەپ قان بىلەن سۆڭەكلەردىن خىشلار قويدۇق،
چېلىشىمىز بىز قىزىلگۈلگە پۈركەنگۈچە يەر ـ جاھان .

1939 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# ئازادلىق تويى

چوڭ دېڭىز ئۆركەشلىنىپ ھەرقاچان، ھەر چاغدا،
پەيدا قىلىدۇ دولقۇنلۇق، ئۇلۇغ تەۋرەشنى .
دەل شۇنداق، دۇنيا تارىخىنى بىر - بىر ۋاراقلا،
ئۇچرىتالمايسەن مۇنداق قۇتلۇق كۆرەشنى .

لاۋۇلداپ يېنىپ، چاچراپ كۈچلۈك ئۇچقۇنلار،
يانمۇيانلاردىن ئەزگۈچىلەرگە ئوت چاچماقتا .
يەنە تۇتىشىپ، ئۇچقۇنلاردىن چىقىپ يالقۇنلار ،
بوزەكلەر تەلمۈرگەن بەخت ئىشىكىنى ئاچماقتا .

ئەنە دەھشەتلىك ئوت، قانلىق فرونت - بىزنىڭ مەيدان،
بوزەكلەرنىڭ ئازادلىق تويى قىزىماقتا .
ئۈستۈن بولسۇن دەپ، توي شەرپىگە بېرىپ قۇربان،
توي داغدۇغىسى دۇنيا بويى يېڭى تۈس ئالماقتا .

چۈنكى تۆت يۈز ئەللىك مىليون خەلق[1] ئەنە،
قىن قىنىغا پاتماي شۇ توينى ئوينىۋاتىدۇ .
يېڭى جۇڭگو بىلەن ئازاد گۈلنى جۈپلەشكە
ياۋنى تىترىتىپ، جۇڭگو خەلقى قايناۋاتىدۇ .

ئازاد گۈلنى بەرمەيمەن دېگەن قارا كۈچلەر،
شۇ تويچىلار ئارىسىدا دەسسىلىپ ئۆلمەكتە .

www.uyghurkitap.com

ئېلىنئۇاتقاچقا قارا كۈچتىن تارىخىي ئۆچلەر،
ئازاد گۈلگە يېقىنلىشىپ تويچىلار كۈلمەكتە.

بىر- بىرى بىلەن قول تۇتىشىپ گومىنداڭ، گۇڭچەنداڭ②
ئۆلەن ئېيتىشىپ توينى باشلاپ، ئالغا يول سالدى.
ئازادلىق چېچەكلىرىنى تېرىپ ھەر يان،
كۆرەشكە ئاتقان ھەر غۇلاچتا ئۇتتۇقنى مول ئالدى.

تۈندىن قۇتۇلۇپ، چوغدەك ياز تېڭى ئاتقاندەك،
ھەر بۇلۇڭدا تاڭ شولىسى، بىز سىگنال بەرگەچكە؛
بوزەكلەر دۇنياسى داۋالغۇپ خۇددى دېڭىزدەك
مەۋج ئۇرۇپ قوزغالدى، كۈتكەن مىنۇتلار يەتكەچكە.

ئەزگۈچىلەر دۇنياسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،
ئازادلىق بېغىغا كىرىپ شۇنداق جايلىشىمىز؛
ھېلىقى كۈتكەن يېڭى جۇڭگو، يېڭى تۇرمۇشنى باشلاپ،
دۇنيا ئېزىلگۈچىلىرى بىلەن مەڭگۈ قۇچاقلىشىمىز.

1939 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

① شۇ يىللاردا مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 450 مىليون ھېسابلىناتتى. — مۇھەررىردىن.

② ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن گومىنداڭ بىرلىك سەپ تۈزگەنىدى. — مۇھەررىردىن.

# باتۇر يىللار

( يېڭى يىلغا بېغىشلاپ )

تىترەك، بەزگەك، بىزەڭ يىللارنىڭ بېشى ئوڭلىنىپ،
كۈرەشچان باتۇر يىللارغا ئايلىنىۋاتقاچقا؛
ئېغىرلىقلارغا چىدام، گاڭ ناخشىلار بېغىشلاپ،
كۈرەشكە غۇلاچنى سوزۇپ كەڭ ـ كەڭ ئاتقاچقا .
كېتىپ بارىمىز مانا بىز چىڭ دەسسەپ ئالغا ئاتلاپ،
كۆزلىگەن مەقسەت — يېڭى جۇڭگو، يېڭى تۇرمۇشقا .

كۆزى ياش، بەدىنى قان ، ھەسرەتلىك قارا كۈنلەرنىڭ،
قۇلىقىغا گۈللەر قىسىپ، يىشىنى سۈرتۈپ كۈلدۈردۇق؛
ھېچ مەيۈسلەنمەي قولدىن كەتكەن ئۇلۇغ شەھەرلەرگە،
دېدۇق كۈلۈپقىنا، بەلكى ۋاقىتلىق بېرىپ تۇردۇق؛
ئۇلۇغ ھېكمىتى بار ئۇچۇن ۋاقىتلىق چېكىنىشنىڭ
ئالدى ھەم ئارقىدىن ئوراپ دۈشمەنلەرنى قىردۇق .

«پات ھەل قىلىش»[1] پىلانى ئالىلقاچان بىتچىت بولغاچقا،
«پات سۈلھى ياساش»[2] زەھەرلىرىنىمۇ چىچىپ باقتى .
جۇڭخۇا خەلقى كۈنسايىن ئۆرلەپ ئۆسۈۋاتقاچقا،
ئۇ پىلانلارنىمۇ پاچاق ـ پاچاق قىلىپ چاقتى .

ئادالەتلىك ئۇرۇش بىلەن دۈشمەنلەرنى يەكسان قىلىپ،
خەلقىم ئاداققى غالىبىيەت مەنزىلىگە قاراپ ئاقتى .

1940 ــ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

① ② «پات ھەل قىلىش»، «پات سۈلھى ياساش» ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىستراتېگىيىلىك شوئارى بولۇپ، ئۇلار «چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ، تېز غەلىبە قىلىش» نى خام خىيال قىلغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «سۈلھى قىلىش» پىلانىغا ئاساسەن خائىن ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ «قورچاق مانجۇ» دۆلىتىنى قۇرغان بولسىمۇ، پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن «سۈلھى» قىلماقچى بولغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. شائىر بۇ شېئىردا ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ئەنە ئاشۇ پىلانلىرىنىڭ بىتچىت بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ــ مۇھەررىردىن .

# مارشلار[1]

يېتىپ باردۇ

**يېرى كەڭ، بايلىقى مول شىنجاڭ،**
**مانا سوزۇلۇپ، پارقىراپ ياتىدۇ.**
**كەڭ ئېتىز، قىر ـ ياۋان دالىلىرىدا،**
**چىمەنلەر دائىم چېچەك ئاتىدۇ.**

**ھەممە مىللەت ئەركىن، كەڭ دەم ئېلىپ،**
**سائادەتسىرى كېتىپ باردۇ.**
**خۇشال ـ خۇرام سازلىرىنى چېلىپ،**
**بەخت قوشقىنى ئېيتىپ باردۇ.**

**تاۋلىدى بىزنى كۈرەشچان يىللار،**
**كۈرەشتە خەلقىم يېڭىپ باردۇ.**
**ھەر قەدەمدە باشلاپ يېڭى قۇرۇلۇش**
**مەنزىلگە تېز يېتىپ باردۇ.**

1940 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى

① بۇ ماۋزۇ ئاستىدا بېرىلگەن تۆت پارچە شېئىر ئۆز ۋاقتىدا ئاھاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلغان، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىپ، ئوقۇغۇچىلار مارشى بولۇپ قالغانىدى. ــ مۇھەررىردىن.

# ئازادلىق كۈرەش

ئازادلىق كۈرەشنىڭ شانلىق دېڭىزى،
دولقۇنلاپ تىنك قىرغاقلارغا تاشتى .
كۈرەشكە ئامراق بۇ جۇڭگو خەلقى،
ئازادلىققا كەڭتاشا ئىشىك ئاچتى .

قايتارما:

دولقۇنلار ئارىسىدا راست قاينايمىز،
چېكىنمەيمىز، يانمايمىز، ئالغا چامدايمىز.

يېڭىش گېزىگى شەكسىز بىزنىڭ بولغاچقا،
كۈرەشنىڭ سىرلىرىنى ئوبدان ئۆگەندۇق .
ھەر دوقمۇشتا «ھۇررا» ۋارقىراپ چامدىدۇق،
يەر، ھاۋا، سۇدا ئۈستۈنلۈك قازاندۇق .

قايتارما:

*

ئۆلۈم يا كۈرۈم دەپ مىليونلىغان ئەل،
قانلىق مەيدانغا چۈشتى، باغلاپ مەھكەم بەل .
بۇ يولدا ئاقسىمۇ قانلار بولۇپ سەل،
بۇ كۈرەش مەقسىتىمىزنى قىلغۇسدۇر ھەل .
.......................................



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

*

ۋەھشي فاشىزمغا قارشى
ئالغا باسار دۇنيا، قوزغال !
ئېيتىپ كۆرەش مارشىنى،
قوزغال، قولغا قورال ئال !

1940 ـ يىل



# جۇڭگو قىزى رەيھانىنىڭ مارت شاملىغا بۇيرۇقى

(بىر شائىرغا تەقلىد)

ئەي، شوخ مارت شاملى، توختا!
لىجىلىڭ!
ئەركىلەپ يىنىمدىن يەلپۈپ ئۆت!
بۇيرۇقۇمنى ئاڭلا!
دۇنياغا:
ياۋروپا،
ئامېرىكا
خوتۇن ـ قىزلىرىغا
ئاپىرىپ تۇت !
چېلىشسۇن ئۇلار،
فاشىزمغا ئېچىپ ئەجەللىك ئوت !
مارت شاملى،
ئازاد خوتۇن ـ قىزلار شەۋكىتىنى
ئۆچمەس تارىخ ۋاراقلىرىغا پۈت !
بىز تەرەپتە كۈللى كائىنات،
بەس، بىزنىڭ غالىبىيەت .
چۈنكى بىز تەرەپتە
ئادالەت ...



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

**مۇساۋەت ...**
**هۆر ـ ئەركىن ،**
**بەخت ـ سائادەت .**

1940 ـيىل مارت، ئۈرۈمچى



## مۇخەممەس

چارچىمىدىم، چارچىماسمەن، ئەرك دەپ بىلىم باغلانغان،
ئەسكىلىك قايىنىغان زاماندىن تېنىم مەجرۇھ ، داغلانغان،
كۆرەش سېپىنىڭ ئەزاسىمەن، قەلبىم ئوت بولۇپ يانغان،
قوشۇلۇپ كەڭ مەزلۇملارغا ئازادلىق سازىنى چالغان،
چېكى سۆكۈلگەن دۇنياغا نەپرەت كۆزۈمنى ئالايتقان .

«ئەپيۇنكەش» دەپ ئاتىلىپ جۇڭگو مەھكۇملۇق دەردىنى تارتتى،
زۇلۇم زۇلۇكلىرى مەنچىلىك، گومىنداڭ ئەلنى يىغلاتتى،
كۆرمەي بىزنى ئادەم قاتارى جاھانگىرلارغا ساتتى،
جاھانگىرلار يەلكىمىزگە زۇلۇم يۈكلىرىنى ئارتتى،
زاماندىن كۆرمىدىم شەپقەت، نەپرىتىم قايىنىغان ۋولقان .


مىللەتلەرنىڭ تەكشى ياشاش مەزگىلىنى بەك خالايمەن،
ئازادلىقنىڭ مەنزىلىنى بويلاپ ماڭدىم، ھېچ ھارمايمەن،
شوخ سازىمنى ئازادلىقنىڭ مارشىغا تەڭكەش سازلايمەن،
مەن جەڭگىۋار جۇڭگو ئوغلى، ئىرادەمدىن ھېچ يانمايمەن،
تەشنا بولۇپ شاد تۇرمۇشقا، بەس، مەن كۆكرەكنى ياققان .

ئازاد قىلىپ بۇ جۇڭگونى، گۈللىتىشتۇر چىڭ ئەھدىمىز ،
خەلق ئالسا ئەركىن نەپەس، شۇ بىزنىڭ ئالىي بەختىمىز ،
بۇ كۆرەشچان ئۇلۇغ ئەلنىڭ ۋەتەن سۆيەر پەرزەنتى بىز ،

بىز تاۋلاندۇق جەڭلەر ئارا، ياڭرار غەلبە ناخشىمىز،
چېلىش بىلەن ئالغا ئاتلاپ، بىز قۇرىمىز يېڭى دەۋران.

ئاۋازىمىز جاھان بويلاپ كەتسۇن، ھەقنى بىز سۆزلەيمىز،
ئۆملىشىپ چىڭ ئېزىلگەن ئەل بىر مەقسەتنى كۆزلەيمىز،
ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۈستىدىن بىز كونا دۇنيانى تۈزلەيمىز،
غۇلاچ تاشلاپ كۈرەشلەردە ھۆر ـ ئازادلىق ئىزدەيمىز،
كۈرەش ھامان بېغىشلايدۇ بىزگە نۇسرەت ۋە دەرمان.

1940 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى



## ماي ناخشىسى

ماي ئېيىدا تەبىئەت خۇش سازىنى چالغاندا،
كىشىلىكنىڭ پارلاق كۈرىشى پورۇقلاپ قايىنىغان .
قوزغىلاڭلار، نامايىشلار كەڭ تۈس ئالغاندا،
زالىملارنىڭ چىرىك دۇنياسى زەربە چايىنىغان .

ھېچبىر يانماي كەينىگە قورالىلىق توقۇنۇشتىن،
ئەرك باتۇرلىرى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا تاقىلىغان .
سىگنال بېرىپ باشلاپقى كەسكىن يۈرۈشتىن،
ھېچبىر ئۆچمەس، مەڭگۈ كۆمۈلمەس ئىزلار قالدۇرغان .

زۇلۇم، ئۆلۈم قايىنىغان جايلاردا ئېزىلگۈچىلەر،
ئۆتكۈزدۇ ئۆز بايرىمىنى، جاللاتلار ئۈرسىمۇ .
توۋلاپ كۈرەشچان شوئارلار، قايىنتىپ كۈرەشلەر،
ئۆتكۈزدۇ، كىشەنلەر بىلەن قاپساپ تۇرسىمۇ .

مىليونلىغان جۇڭخۇا خەلقى كۈرەشچان مايىنى،
قايىنام فرونت، جەڭلەر ئىچىدە قارشى ئالىمىز .
يۈركەپ كۈرەش ئۇچقۇنىغا ئېزىلگۈچى ھەر يانىنى،
سىگنال بېرىپ بىز دۇنياغا، سازىمىزنى چالىمىز .

باتۇر يىللار قوينىدا ھامان ئالغا ئىنتىلىپ،
ھېچ ئەيمەنمەي داغلاردىن تىركىشىش باسقۇچىغا يەتتۇق .



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدىمى
www.uyghurkitap.com

ئاتاكىغا كۆچىمىز، يېڭىش تۇغىنى لەپىلدىتىپ،
ئاتاكا! ... دېمەك دۈشمەننى قوغلاش ۋەتەندىن سۈرۈپ.

ئەنە! ھىندى، ئىسپان، ھەبەش تاغ چوققىلىرىدىن،
داد ـ پەرياد، زارلىنىش ئاۋازى دەيدۇ ئىنتىقام!
شۇلارغىمۇ ئازادلىق فرونت ـ ماي شامالىرىدىن،
كۆرەشچان جۇڭگو يوللايدۇ قىزغىن ئازادلىق سالام!

1940 ـ يىل 1 ـ ماي، ئۈرۈمچى



# كەل، يېڭى يىل!

خوش، كونا يىل، بىز بىلەن سەن خېلى زامان يۈرۈپ كەلدىڭ،
كەل، يېڭى يىل، بىزلەرگە سەن شەرەپ ـ شانلارنى ئېلىپ كەلدىڭ،
كونا يىلغا قويۇپ چېكىت، باشلا يېڭى ئىشلارنى دەپ،
يېڭى ئۈتۈق مەيداندىن خۇش خەۋەرلەرنى قىلىپ كەلدىڭ.
تىركىشىشتىن ئاتاكىغا[1] كۆكرەك كېرىپ ئۆتكەندە بىز،
شەك ـ شۈبھىسىز، قەتئىي كۈرەش سازىنى سەن چېلىپ كەلدىڭ.
نەس ھاياتى ئاخىرلىشىپ جان تالاشقان جاھانگىرنىڭ،
كۆزىگە ئوق، كۆكرىكىگە نەيزىلەرنى ئېتىپ كەلدىڭ.
بېرىپ زەربە جاھانگىرلىك باشلىغان شۇم ئۇرۇشلارغا،
مەزلۇملارنىڭ قەلبىگە شاد ـ خۇشاللىقنى سېلىپ كەلدىڭ.
يېڭىلمەيدۇ ھەق ـ ئادالەت، سازى ھەردەم جاراڭلايدۇ،
ھەقىقەتنىڭ گۈرزىسىدە دۈشمەن كۆكسىن تىلىپ كەلدىڭ.
كەل، يېڭى يىل، سېنى ئۈتۈق گۈللىرىگە پۈركەيلى بىز،
سەن بىز ئۈچۈن شان ـ ئۈتۈقنىڭ يوللىرىنى ئېچىپ كەلدىڭ.

1941 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

---

① شائىر بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇچىدىن  ئاتاكا (ھۇجۇم) باسقۇچىغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى دېمەكچى. — مۇ-ھەررىردىن.

# چوڭ قەھرىمان ئويغاندى[1]

شۇنداق، بۇ زور بۇيۇك كىشى ئۇزۇن يىللار ئۇخلاپ ياتتى،
دۇنيانىڭ ئون ئىككىدىن بىرىگە پۇتلىرىنى ئۇزاتتى .
«ئۇخلاۋەرسۇن، ئويغانمىسۇن» دېدى قېرى قانخور[2] غالجىر،
تىرىك قىرغۇچ ئەپيۇننى زورلاپ ئۇنىڭغا ساتتى .
ئۆمۈچۈكلەر[3] قان شوراشقا بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ،
تىرىكتاپلىق تورلىرىنى ھەر تەرەپكە توقۇپ تارتتى .
بۇ شوراشقا چىدالماستىن تېپىرلىسا نەچچە قېتىم،
ئۆمۈچۈكنىڭ مالايلىرى «شىرىن» سۆزلەپ ياۋاشلاتتى .
ئۆمۈچۈكلەر تىكەنلىك پۇت بىلەن چەيلەپ يۇرسىمۇ گەر،
لېكىن ئۇنىڭ چىن ئىنسانلىق نامى مەغرۇر جاراڭلايتتى .
ساپ قان شوراپ قورساق سالغان ياپون پاكار غالجىرلىرى ،
بۇ زور كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىن سۇغارماق بوپ كۆز ئالايتتى .
ھەربىر ئىپلاس تۆكىگە ئوق، زەھەرلىك گاز، بومبا ئېسىپ،
بۇ ئادەمنىڭ كۆكرىكىگە شۇم تىكەنلىك قول ئۇزاتتى .
لوگۇچياۋغا[4] دۈشمەن ئاتقان توپ - زەمبىرەك ئاۋازلىرى ،
ئۇخلاپ ياتقان زور كىشىنى ئۇيقۇسىدىن دەل ئويغاتتى .
قانغا بوياپ، «پات ھەل قىلىش» دېگەن پىلان - ۋارقىراشلار،
چوڭ قەھرىمان يۈرىكىدە ئوتلۇق غەزەپلەر قوزغاتتى .
«قۇللۇق نومۇس»، «ئۇخلاۋېرىش مىراس ئەمەس ماڭا» دەپ ئۇ،
باغلاپ كۈرەش كەمىرىنى مەيدان ئارا ئات ئويناتتى .
«ئۆلۈم ياكى كۈرۈم» دەپ ئۇ چوڭ كۈرەشكە باستى قەدەم،

www.uyghurkitap.com

شۇ چاغ گويا كۆز ئالدىدا ئازادلىقنىڭ تېڭى ئاتتى .
كۈچلۈك بىلەك، گاڭ قوللاردا مىجىقلاندى شۇم چىۋىنلەر،
تاغ كۆتۈرمەك بولغان چىۋىن شۇ چاغ پاتقاق ئىچرە پاتتى .
ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ، ئىسكىلىتقا ئايلانغان يىلانلار،
يالۇجياڭنىڭ قايىنىمدا يول تاپالماي بېشى قاتتى .
چوڭ قەھرىمان چالدى مانا ئاتاكىنىڭ سىگنالىنى،
غالىب جۇڭخۇا تۇغىنى ئۇ ئازاد مەيدانىغا⑤ ئورناتتى .

1941 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

① چوڭ قەھرىمان — شائىر بۇ شېئىرىدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونى «چوڭ قەھرىمان»غا ئوخشاتقان. شائىرنىڭ بۇ شېئىرى شۇ يىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى تەھرىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ» ژۇرنىلىنىڭ (ئۇيغۇرچە) 1941 - يىل 6 - ئايلىق سانىغا بېسىلغان.
② قېرى قانخور — ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى كۆزدە تۇتۇلغان.
③ ئۆمۈچۈكلەر — خەلقئارا جاھانگىرلار دېگەن مەنىدە.
④ لوگۇچياۋ — لوگۇچياۋ كۆۋرۈكى.
⑤ ئازاد مەيدان — ئازاد رايونلار كۆزدە تۇتۇلغان. — مۇھەررىردىن.

# دوستۇمغا[1]

1

راۋابىڭنى كۈرەش مۇقامىغا سازلىمىساڭ،
كونا مۇقامىڭ، دوستۇم، قۇلاققا خۇشياقماس .
باغ ياساپ، گۈللەر تېرىپ، ياشناتمىساڭ،
غازاڭلىقتا بۇلبۇللار قانات قاقماس .

ئاھ ـ داد ئېيتىش — ئۆتمۈشنىڭ مىراسى ئۇ،
ئۇ مىراستىن كىشى ھېچبىر ئۈلۈش ئالماس .
كۈرەش بىلەن ئالغا چامداش چېغى بۇ،
كۈرەشچانلار فرونتنىڭ كەينىدە قالماس .

1941 ـ يىل، قەشقەر

2

دوستۇم، ياشلىق شوخلۇقلىرى بىلەن،
بولما بەڭۋاش،
يېتەر ئەمدى خوشلاشقىن .
ئادەم بولۇش يولىغا كىر، يۈرەك زوقلۇقلىرى بىلەن ،
چۈش مەيدانغا، غەپلەت ـ نادانلىق بىلەن مۇشتلاشقىن .

ئادەم — ئۇ مەغرۇر جاراڭلىغۇچى ئۇلۇغ نەرسە،
قاراڭغۇ ئىچكىنى ساپ ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتقىن .
كىچە ـ كۈندۈز تىنىماي ئوقۇ، ئوقۇ، ئوقۇ !
يېڭى جەمئىيەتكە لايىقلىششقا ھەردەم تىرىشقىن .

بۇۋەكلىك مۇقام پەدىلىرى پايدىسىز ئەمدى،
راۋابىڭنى يېڭى مۇقام ـ پەدىلەرگە سازلاتقىن .
بىر سىكۇنت ۋاقىت، بىلسەڭ، ئالتۇندىن قىممەت،
ئېچىل، يېيىل، يېڭى يايلاقتا كۆڭلۈڭنى يايلاتقىن .

بىل، جەمئىيەتنىڭ توختىماي ئالغا بېسىشىنى،
سەت ھەم زىيانلىق تۇتىمەن دېيىش قۇيرۇقتىن .
ئۆگىنىپ ئىلىم ـ ئېرپان، يېڭى باغلار قۇر،
بۇ باغقا زىيانلىق شۇمبۇيىلارنى قۇرۇتقىن .

ئادەم — ئۇ مەغرۇر جاراڭلىغۇچى ئۇلۇغ نەرسە،
قەلبىڭنى ساپ مەدەنىيەت نۇرى بىلەن يورۇتقىن .

1941 ـ يىل 16 ـ ئۆكتەبىر، قەشقەر

① بۇ ماۋزۇ ئاستىدا بېرىلگەن ئىككى شېئىرنى شۇ يىللىرى شائىر ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا قەشقەردە يازغان، بىراق شائىرنىڭ بىرىنچى شېئىرى بىرقانچە كۇپلېت بولسىمۇ، باشقا كۇپلېتلىرى تېپىلمىدى. — مۇھەررىردىن.

# يەنە ئويغان

ھەر ياققا نەزەر سالغىن، ئەۋج ئالدى كۆرەش قايناق،
مىليونلاپ تۆكۈلدى مۇشت ئازادلىق دەپ، شوئار ياڭراق.
چىرىگەن كونا دۇنيا ھالاكەتكە قەدەم قويدى،
كۆيدۈرمەككە تەختىنى غەزەپنىڭ ئوتلىرىنى ياق!

ئۇلۇغ جۇڭگو، بولۇپ تەشنا ئازادلىققا ئاياغ باستىڭ،
يۈيۈپ داغنى، كۆرەش بىلەن توختىماي داۋان ئاشتىڭ،
ئېزىلگەن ئەلنى ئويغىتىپ، ئازادلىق چېچەكىن چاچتىڭ،
قۇرۇشقا يېڭى ھايات، چۇقاننى سىلىپ ياڭراق.

ئەسىرلەر زۇلۇم ـ كۈلپەت دەردىنى تارتىپ كەلدۇق بىز،
نادانلىق بۆشۈكىدە، غەپلەتتە يېتىپ كەلدۇق بىز،
ئازادلىق يولىدا جەڭدە قۇربانلار بېرىپ كەلدۇق بىز،
كۆرەشكە باشلىدى بىزنى يولىمىزدا قىزىل بايراق.

يېقىن قالدى سۈزۈك تاڭلار، رېئالدۇر غايىمىز بىزنىڭ.
كۆرەش مەيدانىدا ئۈستى پولاتتەك سىپىمىز بىزنىڭ،
ئاداققى غەلىبە كۈنى بولار چوڭ تويىمىز بىزنىڭ،
كۆرەشتىن كېلىدۇ بىزگە ئىستىقبال يورۇق — پارلاق.

1942 ـ يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

# پارچىلار

سۇ، ھاۋا بولمىسا جاھاندا،
بارچە ھاياتلىق بىر كۈن ياشالماس.
ھەقىقەت بەرمىسە شائىرغا ئىلھام،
شېئىر تۇرماق، ھەتتا چېكىت ئۇرالماس.

1942 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى

غۇررۇرلىنىپ كەلمىسەڭ بوپتۇ،
پۇلشىپ بىر كۈن كېلەرسەن.
كۆز بولۇپ غازاڭلار قۇيۇلۇپتۇ،
سولشىپ بىركۈن ئېگىلەرسەن.

1940 ـ يىل نويابىر

## لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن

لېنىن — تىرىكلەرنىڭ ئەڭ تىرىكى،
ئۇ كۈرەشلەردە يېتىلىپ ئۆگەنگەن.
مىسلىسىز كەڭ تاغ ئۇنىڭ يۈرىكى،
بەس، ئۇ جەڭلەردە يېڭىشكە ئۆگەتكەن .

ئۇ، چۆل - جەزىرىلەرنى بوستان قىلىشقا،
كىشىلىك دۇنياسىنى گۈلىستان قىلىشقا،
ئېزىلگەننى ئالغا باسار ئىنسان قىلىشقا،
كىگانت يېڭىنى قۇرۇشقا ئۆگەتكەن .

كۆپچىلىك ئۇچۇن جاندىن كېچىشكە،
ئازادلىق يولىدا ۋۇجۇدنى تىكىشكە،
كۈرەشتە يېڭىشكە، يېڭىشكە، يېڭىشكە،
يېڭىش تۇغى بىلەن ئالغا بېسىشقا ئۆگەتكەن .

ئۇتۇقلارغا قاراپ گاڭگىرىماسلىققا،
قىستاڭلار ئارىسىدا قاقشىماسلىققا،
توغرا - كەڭ يولدا ئۇدۇل مېڭىشقا،
ئەمگەك قوينىدا چېنىقىشقا ئۆگەتكەن .

دۈشمەنلەرنى ئېزىپ تاشلاشقا،
يېڭى تارىختىن بەتلەر باشلاشقا،

www.uyghurkitap.com

قۇربانغا تەييار... ئادىل ئۇرۇشقا،
ئالۋاستىلارنى قىرىشقا ئۆگەتكەن .

قارا تارىخنىڭ يۈزىنى يۇيۇشقا،
ھەق قارىغۇلىرىنىڭ كۆزىنى ئويۇشقا،
دۇنياغا سائادەت، ئادالەت قۇرۇشقا،
يېڭىپ ئالغا ـ ئالغا ئاتلاشقا ئۆگەتكەن .

گىتلېر ئوخشاش ئەجدىھا ـ يىلاننى،
ئىنسانلار ئۇچۇن ئوغا ـ چايانىنى،
توڭگۈز تۇمشۇق لالما قاۋاننى،
دۇنيا يۈزىدىن قويماسقا ئۆگەتكەن .

لېنىنسىز گاڭ يىللارنى بېسىپ ئۆتكەن،
قارا يىللارغا گۈل قىسىپ ئۆتكەن،
لېنىن ئىزى بىلەن مۇنۇتلاپ يەڭگەن،
ستالىن لېنىندىن يېڭىشنى ئۆگەنگەن .

1942 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى



## ماي — كۈرەشچان ئاي

بۈگۈن، بۇ كۈرەشچان مايدا،
تەبىئەتتە باھار تويلىرى ... ئۆزىدۇ .
خۇددى شۇنداق، پۈتۈن دۇنيادا،
كىشىلىكنىڭ پارلاق كۈرەش بايرىمى كېزىدۇ .

زۇلۇم تېغىنى ئاغدۇرۇشقا،
كۆپچىلىكنىڭ يالقۇنلۇق كۈرىشى قايىنايدۇ،
كاپىتالىستلاردا زاۋۇت، فابرىكىلار،
ئىستانوك، ماشىنىلار ئۇخلايدۇ .

جاھانگىرلارنىڭ قانلىق قامچىسىدىن
قان تامغان ھەربىر ماكاندا،
كەسكىن كۈرەش،
ئۇلۇغ تەۋرەشلەر
تىترىتىدۇ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن چىرىك دۇنيانى .
دولقۇنلۇق نامايىشلار...
ئېگىز كۆتۈرۈلگەن مىليون مۇشتلار،
تەلەپ قىلىدۇ بىر ئېغىزدىن
ھۆر، سائادەت، ئەركىنلىكنى .
بىرىنچى ماي، كۈرەشچان ئاي، چېلىشقا باي ...
ئازادلىق ئۈچۈن كۈرىشىدۇ ھارماي ...
جۇڭگودا بۇ كۈرەشچان مايدا

نومۇسلۇق ھەم پاجىئەلەر،
قايغۇلۇق ۋەقەلەر
تىزىلىپ ئۆتكەن.
جىنەن كوچىلىرىغا تولغان قانلار،
جۇڭخۇا تارىخىغا
يېزىلىپ ئۆتكەن.

بىكار ئاقمىدى قانلار،
ئۇ قانلاردىن گۈلىستان ئۈندى.
ماي پۇراقلىرى بىزگە شۇنى تاپشۇردى:
بۇندىن كېيىن بىز جۇڭخۇا
شۇ دەسسەلگەن نومۇسنى،
قارا داغلارنى ئاقلايمىز.
جاندىن ئەزىز بۇ ۋەتەننى
قەھرىمانلارچە كۈرىشىپ،
ئازاد قىلىمىز، ساقلايمىز.
كۆپچىلىكنىڭ ئازادلىقنى
ئەبەدىي ياقلايمىز.

بىرىنچى ماي، كۈرەشچان ئاي، چېلىشقا باي،
چېلىشىمىز بىز ۋەتەننى ئازاد قىلىش يولىدا ھارماي.

1942 ــ يىل 1 ــ ماي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئىسكىلاتى
www.uygurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئىسكىلاتى

# يانار تاغلار

ماتەم، نومۇس، قارىلىق بايراقلار،
يېتەر، ئارتۇق يەرگە ئېگىلمەس .
يېتەر ئەمدى،
بىر غېرىچ يەرنى بۇ ۋەتەندىن،
بىر پارچە گۆشنى ئەزىز تەندىن،
ھېچكىم قانلىق قولى بىلەن كېسەلمەس!
كونا دۇنيا ئېغىر ئاياغ ئەمدى .
قورسىقىنى كۆتۈرۈپ يىراق كېتەلمەس!
چۈنكى ماتەملەر يىغلىپ داغ ياسىدى
ھەم توپلىشىپ بۇ داغلار تاغ ياسىدى،
ئەڭ چوڭقۇر يەر قاتلىمى يادروسىدا
بۇ داغلار ئېغىرلىقىغا
مەدەنلەر ھېچ چىدالمىدى،
ئوت تۇتاشتى، بولمىدى ...
بۇنداق ئوتلۇق ۋولقانلار
بىر يەردىلا دەپ كىممۇ ئويلار؟
ئەنە، دۇنيادا ۋولقان ئاۋازلىرى،
يانار تاغلار چاچار لاۋىلار .
كۆرەش قىزىتىپ، ياسايمىز تويلار،
باغرىغا قارا داغ يۇقتۇرماسقا .
ئەنە، كۆرۈڭ، كاۋكاز تاغلىرى،
ئېلبۇرس چوققىلىرى لاۋا ئاتىدۇ .

www.uyghurkitap.com

ئىپلاس تاپلارنى ئۈزىتىشقا،
قوينىغا
يانار مەدەنلەر
تۆگمەس ئاتوملارنى تارتىدۇ .
قارا داغلارغا قارشى پۈتۈن دۇنيا
بۈگۈن قايناق لاۋا چاچىدۇ؛
قارا زىندان، قەپەس، دارلارغا
بۈگۈن يالقۇن ـ ئوت ئاچىدۇ .
ھىمالايا، مەغرۇر ئالىپ ،
كارپات غەيرەتتە،
ئەنە، ئافرىقا كىلىمانجىرا تاغلىرىمۇ،
بۈگۈن تەۋرەشتە،
يانار تاغلار كۆرەشتە .
ئۇلۇغ ئوكيان دولقۇن ئاتىدۇ،
غەزەپ چاچىدۇ،
زور باتۇر كىشى توۋلايدۇ؛
— قارا داغ، بۇلغىما
سىماب سۈيۈمنى!— دەپ .
ياۋروپا تىپىرلايدۇ،
پۈتۈن دۇنيا قىمىرلايدۇ،
مىليون ئاراللار ۋارقىرايدۇ،
لاۋا ئاتسۇن ئىككىنچى يانار تاغلار سىپى[1] دەپ .

دەل شۇ مەدەن
ئوتلۇق ئاتوملار بىز.
يۈرىكىمىز چوڭ تاغ،
بىز يانار تاغلار بولۇپ ئوت چاچىمىز ،
قارا داغلارغا دەھشەت قويۇن ئاچىمىز.

مەيلى، تۇتۇشۇڭلار، لاۋا ئېتىڭلار!
ئەي، يانار تاغلار، يانار تاغلار!
تىنىلسۇن قارا تاپ، قارا داغلار!
قالمىسۇن ئۇلار،
ئورنىغا ئۈنسۇن
جاھاندا گۈلستان باغلار!

1942 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

① ئىككىنچى يانار تاغلار سېپى — فاشىزمغا قارشى ئىككىنچى ئۇرۇش فرونتى مەنىسىدە. — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

# پارچه

مەرپەت ئىزدە، ئىرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى .
بوياق بىلەن بويىغۇچە تېشىڭنى،
ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى .

1942 ـ يىل ئۆكتەبىر ، ئۈرۈمچى

# تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا

ئۈمىد پارلاق، يىللار ئېغىر،
مەنزىل داۋانلىق سەپەردە .
دۈشمەن ئاكوپى ھەر قەدەمدە،
توساق سىملار ھەر يەردە .

ئالدا دەريا... ئالدا ئۆتكۆل،
ئالدا قىستاڭ... تار يوللار؛
ئالدا كۆرەش، تەۋرەش پۈتكۆل،
ئالدا يەڭگۈچى گاڭ يىللار .

سەن كۆرەشنىڭ قىرغىقىدا،
سەن كۆرەشنىڭ غارىدا،
ئالدا دولقۇن ھەمدە ئۇپقۇن،
جۇش ئۇرار تىك يارىدا .

مۇندا بوران، ئاندا شىۋىرغان،
ئۇ يەردە ھاۋا بۇلۇتلۇق .
بۇ سەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكان،
ساي سۇلىرى دولقۇنلۇق .

بۇ چۇۋۇلغان، بۇ بۇزۇلغان،
بۇ گۆرىستان خارابە ؛

سەن تەر تۆككەن، سەن گۈل قىلغان،
سەن تۆرەلگەن مەشەدە .

بۇ يېزا، بىل، ئاتا ـ بوۋاڭ،
تۇپرىقى، ئۇرۇق ـ پۇشتۇڭ .
دالىلىرى، گۈل باغلىرى،
ئېگىز تاغلىرى جان دوستۇڭ .

ساڭا تونۇش يېشىل جاڭگال،
ساڭا تونۇش ئۇزۇن سايلار،
ساڭا ئۆز ھەتتا پەسللەر،
ساڭا سىرداش ئايدىڭلار.

ساڭا ئوماق ئاي ـ يۇلتۇزلار،
تامچە ـ تامچە ساپ نۇرلار.
ساڭا ئامراق كەڭ ئېتىزلار،
ئۇچ ـ چېكى يوق ئېدىرلار ...

ئەسكى تاملارنىڭ ئىچىدە ،
مېھرىبان باغرىڭ ئاناڭ ؛
ئېگىز تاغلارنىڭ ئىچىدە،
پارتىزان قىبرى ئاتاڭ .

ئوق دورا، سۇ توشۇيدۇ
ئالتە ياش كىچىك ئىنىڭ ؛
جۇيازا ھەم چورۇق تىكىدۇ
يەتتە ياش سىڭلىڭ سىنىڭ .

بۇ گاڭ ئىزلار شۇلار باسقان،
تائەبەت ھېچ كۆمۈلمەس .

يالقۇن ئوتلار ئۇلار ياقفان،
لاۋۇلدار، مەڭگۇ ئۆچمەس.

يەرگە سىڭمەس قانلىق ياشلار،
يەرگە سىڭمەس ياللىدار.
قانلىق ياشلار، قىزىل قانلار،
خۇددى كۆندەك پاللىدار.

ئەسىرلەر توم، يىللار ۋاراق،
ئايلىرى قۇر، كۈنلەر چېكىت.
ئاي ـ كۈنلەرگە ماغدۇر بېرىپ،
يىللار ياسا، جەڭچى يىگىت[1].

1943 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

① بۇ كۇپلېت ئەسلىدە شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۇپلىتى ئىدى. ئىلگىرىكى توپلاملاردا «پارچە» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئايرىم شېئىر قىلىپ بېرىلگەن، بۇ قېتىم ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈلدى. ـــ مۇھەررىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇخەممەس[1]

داغدۇغا، شاد تويلارنى ئويناپمىز بوستان ئىچىدە،
ھەر يېڭىشنى ئالقىشلاپ، جەڭگىۋار مەيدان ئىچىدە،
بۇلبۇللاردىن ياغسا مەدھىيە، ئىبسل گۈلستان ئىچىدە،
بىزنىڭ يۈرەكتىن چاچرار يالقۇن كۈرەشچان گۈلخان ئىچىدە،
چۈنكى بىز تۇغۇلۇپ ئۆستۇق چەكسىز ماكان ئىچىدە .

كۆزلەر كەلگۈسىگە ئۈمىدلىك، ئىشەنچلىك باقىدۇ،
يۈرەك ئەۋجى تار قەپەسلەرنى ئۈرۈپ چاقىدۇ،
چۈنكى ۋىجداندا ئازادلىق ھېسسىي ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ،
بەس، ئىبزىلگۈچىلەر كۈرەش ئوتىغا كۆكرەك ياقىدۇ،
كۈرەشچان ئەل قالماس ئەسلا ئەپسۇس ـ ئارمان ئىچىدە .

باق، ئۆلكەم، يىراق ئۆتمۈشكە، يوق يورۇق كۈنى،
گەۋدە كەرگەن ئۈستىگە ئاسارەتنىڭ قارا تۈنى،
ھاۋالارنى ياڭراتقان جىدەل، تالاشلار ئۈنى،
كىيىلگەچكە ئۈستىگە غوۋغانىڭ ھۆكۈمران تونى،
ئۈزۈن يىللار بۇرۇقتۇم بوپ ياتتۇق نىمجان ئىچىدە .

قەبىلە ـ قوۋملار تيانشان باغرىدا باشلاپ جاڭجال،
ھېچبولمىدى توقۇنۇشتىن ئۆزگە خىسلەتۇ ـ ئامال .
ھەم تاپمىدى غوۋغا ـ ئىختىلاپ ئىچىدە ئوبدان كامال،

بەخت مۆككەچكە كۆرسەتمەستىن بۇلارغا جامال،
ياشىدى ئەللەر يىغا ـ زار ۋە قارا قان ئىچىدە .

ئەل قاقشىتىپ، يۇرت زارلىتىپ، ئۆتتى خانۇ ـ چىڭگىزلار،
سۆڭەكتىن تاغ، ئەل قېنىدىن ياساپ دەريا ـ دېڭىزلار،
زۇلۇمدىن سەسكىنىپ، تىترىدى ئاسماندا يۇلتۇزلار،
كۆمۈلگەچكە جاھان ئارا پاك ئىنسانىي ئەجىر ـ ئىزلار،
يۈكسەك تاغلار، يېشىل باغلار قالدى گۆرىستان ئىچىدە .

شۇ يوسۇن تىزىلىپ زۇلۇم زۇلمەت بىلەنلا ئۇچراشتى،
ئۆلكەمدە ئەلگە دەھشەت قۇچىقنى كەڭ ئاچتى،
زۇلۇم سۇلالىسى ياڭ ـ جىنغمۇ② كېلىپ ئۇلاشتى،
زىندان، قوۋۇق، كىشەن، ئات ـ چاپ ھەددىدىن ئاشتى،
زۇلۇم تىغى بېسىپ ئەلنى، قاقشىدى زار پىغان ئىچىدە .

ئۆلكەم يىراقتا سىرلىق③ ھەم مۆجىزىلىك كۆرۈنمەس،
چۈنكى ئۇ تەكلىماكانلىق بىر تىلسىم چۆل ئەمەس،
بىھۇدە خىيال، ئەگرى پەرەزلەر ئاڭا كېلىشمەس،
ئۇ بۈيۈك تەنىنىڭ موچىسى، ھەرگىز كېسىلمەس④،
تۇس ئالسىمۇ يېڭىچە باھار سۇپەت دەۋران ئىچىدە .

لاۋجاڭ بۈگۈن سازلىسا غېجەككە يېڭى چاڭگار⑤،
قۇناخۇنمۇ راۋابىنى خۇشال مۇقامغا سازلار،
موڭغۇل زىلا ناخشىسىدا ياڭرىسا دالالار،
چاڭقابايىنىڭ دومبىرىسىدىن شادىمان ئەن ياغار،
ئون ئۈچ مىللەت قان ـ قېرىنداش، مىسلى ئەدنان ئىچىدە .

........................................................................
........................................................................

بۈگۈن سېنى ئالقىشلايدۇ شىنجاڭ باراۋەر تەكشى،
غۇرۇر زەپەر قوشىقىنى كۈيلەپ ھەر كىشى،
سېنى سۆيۈش، ساڭا كۆيۈش ھەممىنىڭ مېھرى، ئىشى،
بەس، شەرىپىڭگە مۇخەممەس توقۇيدۇ قاينام ئۆركىشى[6]،
چۈنكى ئىشقىڭدا شائىرلىق چەكسىز سەيلان ئىچىدە.

1943 - يىل 12 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

---

① شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى 1933 - يىلى مۇستەبىت جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شۇ يىلى 12 - ئاپرېل كۈنى ھەر مىللەت ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرغانىدى. بۇ ھۆكۈمەتكە چوڭ ئالدامچى، ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمچى شېڭ شىسەي باشلىق بولۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ ھۆكۈمەت ئىچكى جەھەتتە كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىپ، بارلىق ئەكسىيەتچى گۇرۇھلارغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ھۆكۈمەت «6 چوڭ سىياسەت» يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك روللارنى ئوينىدى. ئەنە شۇ چاغدا ھەر يىلى 12 - ئاپرېل كۈنى چوڭ بايرام قىلىناتتى. شائىر بۇ شېئىرنى 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلاپ يازغان.

② ياڭ — 1914 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىگە باشلىق بولۇپ تۇرغان چوڭ مۇستەبىت ياڭ زېڭشىننى كۆرسىتىدۇ.

جىن — 1928 - يىلدىن ئاپرېل ئۆزگىرىشىگە قەدەر شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ھوقۇقىنى باشقۇرۇپ كەلگەن جىن شۇرېننى كۆرسىتىدۇ.

③ ④ «ئۆلكە يىراقتا سىرلىق ھەم مۆجىزىلىك كۆرۈنمەس» «ئۇ بۈيۈك تەنىنىڭ موجىسى، ھەرگىز كېسىلمەس» دېگەن بۇ مىسرالار شۇ چاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تارقاتقان «شىنجاڭ سىرلىق ئۆلكە»، «كوممۇنىستلار بۇ ئۆلكىنى كېسىپ ۋەتەندىن ئايرىۋالدى» دېگەن ئىغۋالارغا قارىتىلغان.

⑤ چاڭگار — غەزەل، ناخشا مەنىسىدە.

⑥ قاينام ئۆركىشى — شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. — مۇھەررىردىن.

# ياشلىق، ئۆگەن

ياشلىق، تىرىش ـ تىرماش هارماي ئۆگەن،
ئىلىمنىڭ دېڭىزى قايىنام ھەم چوڭقۇر.
نادانلىق ئۇ، ھەممىنى بىلدىم دېگەن،
كۆرۈپ... ۋاراقلاپلا بىرقۇر.

ئىلىم ـ مۆجىزىلەرنىڭ سىرىن ئاچقۇچى،
بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن ئوقى ئون يىل!
كۆزلا ئەمەس ئالدىڭغا نۇر چاچقۇچى،
قاراڭغۇنى يورۇتىدۇ يورۇق دىل.

ھەربىر ھادىسە يوشۇرۇن سىر ساقلايدۇ،
توقۇلمىلىرى ئۇنىڭ ئاجايىپ.
ئىلىم ھارماس، مەرد ئادەمنى ياقلايدۇ،
نادانىنىڭ كۆزىدىن ئۇ ھەرقاچان غايىپ.

راھىب بول ئىلىمنىڭ نازاكەت چۆلىدە،
مۆجىزىلەر گۈمبىزىگە «شەيخ».
كۈن ـ تۈن زىكرى قىل شۇلار تۆۋىدە،
ئىجتىھات سېنى دېگۈزمەس دەرىخ.

ئادەم بالىسى پارقىراق، كىر قونماس ئېسىل،
ھەممىدىن ئۈتكۈر ئۇنىڭ مېڭىسى.

باق، ئويلان ... ئوبدان پىكىر قىل،
دەۋرگە ئامراق يىگىتنىڭ يىگىتسى .

ئۆگىنىش سازىغا ماھىر سازەندە،
كۆرگىن، سىرىپ قول چەككىنىنى .
تارغا تىل بەرگەنمۇ شۇ ئاددىي بەندە،
تاماشا قىل مۇقاملار يولىن ئەگكىنىنى .

قايسى مۇقام، قايسى پەدە باغرىڭ،
قايسى سازەندە دىلىڭگە سۇ بەرگەن ؟
قايسى ناخشا پەسلەتكەن زارىڭ،
قايسى ناخشا كۆڭۈلگە گۈل تەرگەن ؟

ئويلىساڭ، ياشلىق، قىسقا سىنىڭ ئۆمرۈڭ،
تاڭدا چېچەكلەپ، گويا كەچتە قۇيۇلىدۇ .
دىماغقا خۇش پۇراق چېچىپ گۈللىرىڭ ،
كۆز ئېچىپ، يۇمغاندەك تۈيۇلىدۇ .

ئەرلەرنى باسسا ساقال ـ بۇرۇتلار،
قىزلارغىمۇ ئىز سالىدۇ بۇدۇر ـ قورۇقلار.
پورلاشمايدۇ دەرەخلەر ياپيېشىل تۇرۇپلا،
يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەيدۇ قۇرۇتلار.

ياشلىق، چاقماقسەن، چېقىپ ئۇچسەن،
ئەۋرىشىم چېغىڭ مۇشۇ، ئۆگەنگىن، ئۆگەن !
قاراڭغۇ دىل چۆلگە بىر كۈن چۆكسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلىغا سالمىساڭ يۈگەن .

1943 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## ھەسەن ـ ھۈسەن[1]

كەڭ ئالەمگە ياڭرىتىپ تىنچلىق شوئارىنى،
ھاۋالارغا يېزىپ، ئويۇڭلار ئۆتتىن.
ئۇچۇرۇپ ئاسمانغا پەن شۇڭقارىنى،
بۇلۇتلار بويىنغا مۇنچاق ئېسىڭلار ياقۇتتىن.

ۋەتىنىڭنىڭ ھاۋاسى— دەردىڭ داۋاسى،
بۇلۇت قۇچاقلاپ، يۇلتۇزلارنى باغ ـ باغ ئېتىڭلار.
جاراڭلاتسۇن ئاسماننى گاڭ قۇشلار ساداسى،
بومبا بىلەن دۈشمەننى يەردە تالقان ئېتىڭلار،

«تەقدىرىدىن بەزگەنلەر» تېخى زادى يوق[2]،
ئەنە شۇ ئۇرۇش ئەۋلىياسى جاھاننى باسقان.
ئېغىزلىرى ئەزرائىل، ئىسراپىل كۆزلىرى ئوتلۇق،
تەييار ئۇنىڭدا ئادەم گۆشىگە قاسقان.

كىم ئۇ بىھۇدە باغدا ماتەمگە مۇقام يۆتكىگەن ؟
نېمىشقا ئىڭراپ چالىدۇ مۇڭلۇق پەدە ؟
ئېلىشماستىن ۋاقىتسىز تەقدىرگە باش ئەگكەن
مەجنۇنلار ئۆگىسى يوق تېخى ھېچنەدە.

قىيقىپ قانات، بۇلۇتنىڭ سەن زارىنى ئاڭلاپ باق،
يەرگە قاراپ قان ـ ياش تۆكۈپ، زار ـ زار يىغلايدۇ.

يەردە بوران كۆرۈنمگەچكە، ئۆپچۆرە، هەر ياق،
تاقەت قىلالماي تېپىرلاپ، سىنەلىرىنى تىلغايدۇ.

بۇلۇت يىغلايدۇ كۆيۈنۈپ، ۋەيران يۇرتلارغا قاراپ،
گۇناھسىز قىرىلغان ھېسابسىز ئادەم باللىرىنى ئاياپ.
بۇلۇت بىلىدۇ، «بۇلۇت ئۆلمەس بىر ساياھەتچى»
سەيلە قىلىپ كۆرگەن ھەممىنى، جاھاننى ئارىلاپ.

بۇلۇتلار ئالىپ ھەم كارپاتتىن ئۆتكەندە،
تۇتۇلۇپ، جۇتلىنىپ، جۇدۇنلار تۆككەن.
گۆلدۇرلىدى قاراسلاپ چاقماق سەپكەندە،
يولغا چىققان قاتىللار تىترىشىپ مۆككەن.

جۇڭگو دېڭىزى ساھىللىرىدىن ئۆتكەن بۇلۇتلار
ئارقا سەپنى كۆرگەچكە، دىلى بەك مۇڭلۇق.
كەچۈرسىمۇ ئېگىز ھاۋادا «تىنچ» مىنۇتلار،
ھاياتىدا «شېرىن سېكۇنت» كۆرمگەن ئوڭلۇق.

بۇلۇت دەيدۇ: يەر يۈزىنى ھېچ كۆرەلمەيمىز،
زومگەرلەر يەردىن سۇنئىي بۇلۇت ياسىغان.
ھەتتا ئاسماندا خاتىرجەممۇ يۈرەلمەيمىز،
يانلىرىمىزنى سۇنئىي چاقماق، ئوتلار قاپلىغان.

سۇنئىي تۇتۇنلەر ئارىسىدىن كېلىدۇ ئاۋاز،
ئارقا سەپتە قېرىنداشلار خانۇ ۋەيران.
بومبا تۆكۈپ قارا قۇشلار قىلغاچقا پەرۋاز،
قانلىق چۆللەر قۇچاقلار كېرىگەن ھەريان.

بۇلۇت دەيدۇ: تىزگىنسىز قارا قۇشلارنىڭ
توكيو، بېرلىن، رىم غارلىرىدا ئۇۋىلىرى بار.
قېنى، تىنچلىق دۇنياسىنىڭ پولات قۇشلىرى،
شۇ ئۇۋىنى پارتلىتىپ قىلىڭلار تارمار!

ئۇچۇڭلار، مېھرىبان بۇلۇتلار يوللارنى ئاچسۇن،
تۈن قىزلىرى يۇلتۇزلار نۇرلىرىن چاچسۇن،
ئېگىزلىكتە خالىسانە سەيلە قىلىڭلار،
زەھەر چاچقۇچ قارا قۇشلار گۆرىگە قاچسۇن!

سائادەتتىن ھاۋالارغا نەقىشلەر ئويۇپ،
قىزىل چوغدەك ياقۇتلاردىن شوئار يېزىڭلار!
«ئىنسانىيەت تىنچلىقى» دىن بۇلۇت كۆكسىگە
زادى ئۆچمەس ھەسەن ـ ھۈسەن ياساپ تىزىڭلار!

1943 ـ يىل نويابىر، ئاقسۇ

① شائىرنىڭ بۇ شېئىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا فاشىزمغا قارشى سەپ تەشكىللىگەن بىرلەشمە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈشلىرىگە بېغىشلانغان. بۇ شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرىكى توپلاملاردا باش قىسمى ئېلان قىلىنغانىدى، بۇ قېتىم تولۇق تېكىستىنى ئېلان قىلدۇق.

② «تەقدىردىن بەزگەنلەر» تېخى زادى يوق ـــ شائىر بۇ مىسرانى ھالاكەتكە تەن بەرگەن دۈشمەنلەر تېخى دۇنيادا يوق، دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەن. ـــ مۇھەررىردىن .

# غەزەل

دوستۇم، دىيانەت قوينىنى ئاچىدىغان دىلبەر تاپ،
ۋىجداندىن شەربەت ئەمدۈرىدىغان كەۋسەر تاپ .

ئىستىكىم مۇشۇ دەپ، شامال ئارقىسىدىن يۈگۈرمە،
شەكىل ئۆچۈن هاك ـ تاك قالما، مەڭگۈ جانلىق پەيكەر تاپ .

قىياپىتى ئۇنىڭ تىياتىر گىرىمى بولۇپ قالمىسۇن،
هېچقاچان ئۆڭمەيدىغان ھەقىقىي سەرۋەر تاپ .

ئىچى كاۋاك سۆلەت ـ سەلتەنەتكە زادى يېپىشما،
ھەر سەھىپىسى دەردكە دەرمان بېرىدىغان دەپتەر تاپ .

بولسۇن خىيالىڭ سېنىڭ ھەر دەم ئىستىقبال قايغۇسى،
ئادالەت مەيدانىدا پارقىرايدىغان خەنجەر تاپ .

تاغ قازمىغۇچە دىل مەھبۇبى— شېرىن نەدە ؟!
پارچىلا بىكار تاشلارنى، بىباھا گۆھەر تاپ .

ئۆتمۈشنىڭ ساۋاقلىرى بەلكى سېنىڭ ئېسىڭدىدۇر،
تارىخنى يورۇتقىن، خۇرشىد، ماھۇ ـ ئەنۋەر تاپ .

نىمە ئارمان، ئۆركىشى، دىل قايىنىمىدا ئۆركەشلىسەڭ،
دىلدا گۆھەر، دىلدا كەۋسەر، دىلدىن تاتلىق شېكەر تاپ .

1943 ـ يىل دېكابىر، ئاقسۇ

# پەرياد [1]

بۇ مېنڭ غەملك كۆڭلۈم بولارمكن بر كۈن شاد،
غەم تاغلرىدن ئۇچۇپ، بولارمەنمۇ مەن ئازاد .

يا هەمشه قينلپ، زۇلۇم ئوتدا كۆيۈپ،
كۈننڭ سېرقن كۆرمەي، بولارمەنمۇ مەن بەربات .

ۋاقتسز غازاڭ بولغان، باغلار چۆلگە ئايلانغان،
كۆڭۈلدكى بۇ بوستان بولارمۇ يېنپ ئاۋات .

بورانلاردا ئۇچماقتا مېنڭ جان ئەمگەكلرم،
دەۋردە ئناۋەت يوق، كۈن ـ تۈن قلمەن پەرياد .



[1] شائر بۇ شېئرنى 1943 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاقسۇدا يازغان. ئۇ ئىلىدىكى ئاتا ـ ئانىسىغا خەت يازغاندا، بۇ شېئرنى ئۆز خېتىگە قوشۇپ ئەۋەتكەن. — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

# يىللارغا جاۋاب

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ئوغرىلاپلا قاچىدۇ ئارقىغا يانماي،
بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يورغىلىشىپ؛
ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللار قانات قاقماي،
يوپۇرماقلار قۇيۇلىدۇ، پورلىشىپ.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يىرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

يىللار شاملى يەلپۈنىدۇ، ئىزلار كۆمۈلىدۇ،
يوپۇرماقسىز ياغاچ بىچارە بولىدۇ قاقشال ...
يىللار سېخىي، قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكېلىپ بېرىدۇ
قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال.

بىراق، يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى، ئۆتۈۋەرسۇن ئۆزىنىڭ يولى ...

ئادەملەرمۇ ۋاقتنى قولدىن بەرمەيدۇ،
چۆللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

يىللارنىڭ قوينى كەڭ، پۈرستى نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار يىللار بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.
قاراپ باق، ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن،
تۇنۇگۈن ئۆملەپ، ھە... بۈگۈن مىڭىپ يۈرىدۇ .

كۆرەشچان بالىلار قوغلىشىپ يىللار،
كۆرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ .
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار
قەبرىسىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ .

مەيلى، ساقال سوۋغا قىلسا قىلسۇن يىللار،
مەنمۇ تاۋلىنىمەن يىللار قوينىدا .
ئىجادىم، شېئىرىمنىڭ ئىز تامغىسى بار،
ئالدىمدىن قېچىپ ئۆتكەن ھەر يىل بوينىدا .

قېرىماسمەن كۈرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرىم يولتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا .
ئۆلۈم پەستە قېلىش، كۈرەشنىڭ داۋانلىق تېغىدا،
چىدام ـ غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەر دەم يادىمدا .

ئېسلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا .
كۈرەش باياۋانىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىب يولغا .

يىللار، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.

قىرىتمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۆپقۇنلىرىڭنى ياردۇ بىزنىڭ كاراپ .
يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقىتىپ باقساڭمۇ،
ئجاد يىللارنى قىرىتتۇ، دەپ بېرىمىز جاۋاب .

1944 ـ يىل يانۋار، ئاقسۇ





www.uyghurkitap.com

# ئىككى شېئىر

## دوستۇم ... غا

خالايمەن، دوستۇم، بۇلاقتەك
خۇشال شارقىراپ ئېقىشنى ...
خالايمەن، ئەركىن تايلاقتەك
ئەجاد يايلىقىدا قىيغىتىشنى ...

خالايمەن، شېئىرىم ئۇرۇقلىرىنى
ۋەتەن باغرىغا چېچىشنى،
خالايمەن، دەريا قىرغاقلىرىدا
رەناگۈللەر ئېچىلدۇرۇشنى .

تۇغدى ئاناڭ سېنى، چوڭ قىلدى،
مېھرى بىلەن بېقىپ،
تەربىيىلىدى، ئوڭ قىلدى .
لېكىن سەن يەنە تىرىش، ئوبدان ئادەم بول،
ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئىككىنچى مەرىپەت ئانىسىدىن تۇغۇل .

1944 ـ يىل مارت، ئاقسۇ

## بىزنىڭ مەمەت

( بالىلار بايرىمىغا بېغىشلاپ)

مەمەت تېخى بۇ يىل
ئاران تۆت ـ بەش ياش .
قوللىرى بۇدرۇق،
تېنى قاتتىق تاش .

يۈزلىرى ئاپئاق
ھەمدە قارا قاش .
ئاسلان ۋە كۈچۈك
ئۇنىڭغا يولداش .

ئەتىگەن قوپىدۇ،
يۇيىدۇ يۈزىنى .
باسمايدۇ چاپاق
ئۇنىڭ كۆزىنى .

ئىشتاننى كىيىپ،
كۆڭلەكنى ساپماي .
كۆڭلى تىنمايدۇ
مۈشۈكنى تاپماي .



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب ئىسكىلاتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئېلېكترونلۇق ئامبىرى

مۇشۇك مياۋلاپ،
سالام قىلدۇ،
بۇرۇتلىرى بىلەن
سۆيۈپ قويدۇ.

ئاقچىچە يېتىپ
كېلدۇ كۈچۈك،
كۆزلىرى قىسىق،
ئەركىلەپ چۈچۈك.

ئاۋايلاپ پۇراپ،
ئاڭا قارايدۇ.
قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ
پۇتنى يالايدۇ.

چايناپ بېرىدۇ
ناننى مۇشۇككە،
تاشلاپ بېرىدۇ
ئالا كۈچۈككە.

هارۋىنى سۆرەپ
چىقار كوچىغا،
كۈچۈكنى باغلاپ،
يېپىنىڭ ئۇچىغا.

ياساپ داۋانلار،
توپا توشۇيدۇ.
زەمبىرەك ياساپ،
مۇشۇك قوشىدۇ.

پاقالچەكلىرى
راسا تۈرۈلگەن .
قولىدا چۆنق
تالدىن ئۈرۈلگەن .

ئوينايدۇ راسا
تەرلەپ ھەم پىشىپ،
قىزىق ئويۇنغا
تازا كىرىشىپ .

ماڭىدۇ يوللار،
كېچىدۇ سۇلار .
ئارقىدا قالىدۇ
دۆمبەش داۋانلار .

«ھوت كۇش» دەپ ئۇ
بېرىدۇ كوماندا .
توخۇ ـ ئۆردەككە
ياسايدۇ ئاتاكا ...

قاچىدۇ چۈجىلەر...
ئالدىدا قاقاقلاپ،
قوغلايدۇ كۈچۈك
ئۇنى پالاقلاپ .

مەمەتمۇ قالماي
ئالغا چاپىدۇ .
خىيالدا ئۇ
يېڭىش تاپىدۇ.

شۇنداق قىپ مەمەت
ئويناپدۇ كۇندە .
ھەتتا چۈشكە
كىرىدۇ تۇندە .

چۈشدە يەنە
ئۇ بىر قوماندان .
ئالغا ـ ئالغا دەپ،
يۈگۈرەيدۇ ھەر يان .

ئاز كۈندە مەمەت
چوڭمۇ بولىدۇ.
مەكتەپكە بالىلار
لىققىدە تولىدۇ .

بەلكى ساۋاقنى
ئوقۇيدۇ ئەلا،
باشقىلاردىن
قالمايدۇ ئەسلا .

ھەربىر ئىشدا
ئۇ چىچەن، قارام .
تۈگىتىپ ئىشنى
ئالىدۇ ئارام .

ھېچقانداق ئىشلار
قۇتۇلۇپ قالمايدۇ،
ئەمما مىلتىقنى
ئۇنتۇپ قالمايدۇ .

www.uyghurkitap.com

نېمىدېگەن راھەت
ئات بوپ ئوينىسا،
نېمىدېگەن راھەت
مىلتىقلار ئاتسا.

1944 ـ يىل ئاپرېل، ئاقسۇ




# كەل، باھار

كۆكلەم باغرىم، كەل، سىغىندىم سىنى،
يېشىل قوينۇڭغا تارتىۋال مېنى .
قۇشلىرىڭنىڭ سايرىشى ئارامى جانىنىڭ،
سۇلىرىڭنىڭ شارقىرىشى ھەرىكىتى تەنىنىڭ .
كۆكلەم، بول چاپسان، تەبىئەتكە جان سال،
چىرماشسۇن تىرىلىپ، ماڭا مەجنۇنتال .
كۆكلەم، جىگىرىم سەن، ئاچ ئېتىزلارنى،
كەڭ سەھنەڭگە تارتىۋال ئىشچان قىزلارنى .
سەيلە قىلسۇن ھەر ياندا باھار پەرۋازى،
جاراڭلىسۇن ئېتىزدا ئەمگەك ئاۋازى .
كەتمەن ئالسۇن دېھقان، تىلغىسۇن يەرنى،
ئالتۇن تېپىش ئۈچۈن تۆكسۇن ساپ تەرنى .
تورغايلار ئىلھام بەرسۇن چىرىلداپ ھاۋاغا،
ھەر ياندا شادلىقتىن ھېسلار ھۆۋەيدا،
كۆكلەم،يەرگە دەم سال، ئويغانسۇن قۇش ـ قۇرۇت ،
دەرەخلەر پەخرلەنسۇن تارتىپ ساقال ـ بۇرۇت .
يېشىل باغلار، ئارام چاغلار يۈزى ئېچىلسۇن،
كەڭ ھاۋانىڭ قاتلىمىغا نۇرلار چېچىلسۇن .
دېھقان بالىسى چولپان بىلەن بەسلىشىپ تۇرسۇن،
بوستان قىلىش ئۈچۈن يەرگە كەتمەننى ئۇرسۇن .
مەرۋايىتتەك تەرلىرى ماڭلايدىن ئاقسۇن،

ئىشقا تويۇپ يەرلىرى قەنتىنى چاقسۇن .
بۇ قىياپەت، بۇ كۆرۈنۈش شائىرغا ئىلھام،
ھېچ تويماسمەن بۇلارنى زوق بىلەن يازسام .
كەل باھار! مەرھابا، كۈتمەن سېنى،
يېشىل ئىلھام قوينىغا ئورىدىڭ مېنى .

1944 ـ يىل ماي، ئاقسۇ



# تەسراتىم

ئوقۇپ ئەشئارلىرىنى غەرق مەست بولۇپ،
تەسراتىم چىنىسىگە تەسرات تولۇپ،
كۆزۈم بىر نۇقتىغا قاراپ قېتىپ قالدۇ،
ۋۇجۇدۇم خىيال بەھرىگە پېتىپ قالدۇ.
بىپىپ كىتابنى، ئۆزۈمگە سوئال بېرىمەن،
نەۋائىي قانداق بىر ئۇلۇغ ئادەمدۇر دەيمەن.
قېنىدۇ شۇ نەۋائى، قېنى بىر كۆرسەم،
مۇبارەك قوللىرىنى ئۇنىڭ بىر سۆيسەم.
قاراپ تۇرسام «خەمسە» نى يازغاندا،
قاراپ تۇرسام قەلەمدە گۆھەر قازغاندا.
قاراپ تۇرسام پەرھادقا رەسىم سىزغاندا،
قاراپ تۇرسام شېرىنگە گۈللەر تىزغاندا.
قاراپ تۇرسام بەھرامنىڭ قىياپىتىگە،
قاراپ تۇرسام گۈلەندەمنىڭ لاتاپىتىگە.
قوي شائىر، سۆزلىمە، جۆيلۈپ يوققا،
نەۋائىي كۆمۈلگەن ئەمەس تۇپراققا...
يۈرىكى پاتمايدۇ ئالەمدە لەھەتكە،
روھى يۆلەنمەيدۇ ساماغا- ئەھەدكە.
ئۇنىڭ مازارىنى ھەربىر ۋاراقتىن ئىزدە،
گۈمبەز - قەبرىسىنى ھەر مىسرادىن ئىزدە.
ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن،
ئۇ ھەر مىسرا تۇۋىگە كۆمۈلگەن.

1944- يىل ئىيۇل، ئاقسۇ


# كۆردۈم

جاھان ئىچرە نەزەر سالدىم، تامام غەۋغالىنى كۆردۈم،
كۆڭۈل سۆيگۈ بازارىدا مۇھەببەت، قايغۇنى كۆردۈم .

سەھەر باغۇ نازاكەتتە ئېچىلغان لالە ـ گۈللەرنىڭ
زاۋال ئارىلاش قېلىپ جۇتتا، سولاشقان ھالىنى كۆردۈم .

تېشىپ دەريا، ياساپ ئۇپقۇن، غۇلاچ ئېتىپ ئۇرۇپ تۇرسا،
ئۇ، قارا گىرۋەكلەرنىڭ توساپ تۇرغاننى كۆردۈم .

1944 ـ يىل ، ئاقسۇ



## شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ

يىراقتىن سۆزلە، شائىر نازاكەت بۇلبۇلىغا بوستان بول،
ھەتتا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭ تىلىغىمۇ داستان بول!

ئالىمان ـ تالىمان ئىجاد بېغىدا مېۋە پىشمىسۇن،
ئەلگە غورا بەرمەيدىغان سادىق باغۋەن بول!

شۆھرەت ئىزدىمە، شائىر، خالىسا ئۇ ئۆزى كەلسۇن،
ئىجاد، مېھنەت مەيدانىدا باتۇر، پالۋان بول!

ئارام ئالما ئىلھام بەزمىسىدە مۇقام ئېيتماي،
يىراق زامان كۆرگەزمىسىگە سەنئەتتىن مەيدان بول!

شەرەپ ـ شان ئۇنۇملۇك ئىجادىڭ ھەر دەم يولدىشى،
ئىلھام سەنەم، سەن ئاشىق غېرىبجان بول!

ئۆلۈم يوق ساڭا، شائىر زادى ئۆلمەيدۇ،
ئەلنىڭ بۈيۈك گەۋدىسىدىكى ساپ قىزىل قان بول!

چۆرگىلەي، ئۆرگىلەي، سادىقلىقىڭ كېتەي، ئەل بويىدىن،
ئەلنىڭ تۇيغۇسىغا ئانىدەك كۆيۈمچان بول!

نىمە كەم ئىلھام ئۈچۈن، دۇنيا خىلمۇخىل، دۇنيا مۆجىزە،
ھالال مېھنەت ـ كەشپىيات ئۈچۈن خورىماس كان بول!

www.uyghurkitap.com

كۆرەڭلەشنى سەن ئىزدىمە، قەلبىڭ تاپسۇن ھوسۇل،
مىليون خەزىنىلەردىن ئۇسسۇن، بەرىكەتلىك خامان بول!

رىشتە باغلاندى، شائىرلىقتىن يات ئادەم ئىدىم،
دېدى خەلق تۇيغۇسى: مېنىڭ ئۈچۈن جانان بول!

شەۋكەت تاپمايسەن ئىجادىيەت بېغىدا تۇرمىساڭ خالىس،
سايرا، ئۆتكۈر ھاڭ ـ تاڭ قالسۇن، بۇلبۇلستان بول!

1944 ـ يىل ئاۋغۇست، ئاقسۇ



# چال، سازەندىم[1]

(مۇخەممەس)

(مەشھۇر ناخشا ئىجادچىسى، ياش سازەندە زىكرى ئەپەندىگە بېغىشلايمەن )

چال سازىڭنى زوق بىلەن، تىنماي چال، سازەندىم،
ھەربىرىنىڭ تېتىك، قوللىرىڭ مەجنۇنتال، سازەندىم،
ناخشاڭ شېرىن، تاتلىق سېنىڭ، گويا كى بال، سازەندىم،
ياشلىقىڭ زىلۋا چېغىدا، ئىجاد قىلىپ قال، سازەندىم،
بۇ مۇخەممەس شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىرسال، سازەندىم .

ئىجاد قىل ۋۇجۇدۇڭدا بار ئوبدان غەزەلنى،
كۆرەشچان سەنئەت مەيدانىدا باغلىغىن بەلنى،
سازلىرىڭ روھى بىلەن راست سۇغارغىن ئەلنى،
سەنئەتتىن مەۋجۇت قىل دولقۇنلۇق سەلنى،
شادىمان ھاياتىنىڭ قوينىدا ئوبدان ئەھۋال، سازەندىم .

بۇ ۋەتەندە جاراڭلىسۇن نەغمەڭ ساداسى،
ھاۋالارغا ئۆرلەپ كەتسۇن مۇڭلۇق ناۋاسى،
تەسەددۇق، خوپمۇ كەڭ گۈزەللىك دۇنياسى،
كونا مۇقاملار لەززەتىنىڭ ئەڭ چوڭ باباسى،
ئۆسۈش، ئىجاد، يۈكسىلىشكە ئەپلىك ئامال، سازەندىم .

www.uyghurkitap.com

بىھۇدە يات كىرلەرنى تازىلىغاي ئېسىل سەنئەت،
ئىنكاسىدۇر ھاياتنىڭ، جان ئۈچۈن لەززەت،
ئىلھام بېرىپ ۋىجدانىغا، تەۋرەتسۇن خىسلەت،
سازەندىنىڭ قولىغا بەرمىسۇن ھېچ دەرد،
كۆڭۈل مەيلىنى سازىڭ ئىشقى قىلسۇن ئىشغال، سازەندىم.

مۇقام ــ سەنەم، سەن بول بىر ئاشىق غېرىب،
ئۈچرىشىشقا ئالدىرا ۋۇجۇدۇڭ بېرىپ،
مۇھەببەتنىڭ مەنزىلىدە يۈر كۆكرەك كېرىپ،
ھەر قەدەمگە ئۈنچە ــ مارجان، ياقۇتلار تېرىپ،
شانۇشەۋكەت زېمىنىدا ئۆستۈر نىھال، سازەندىم.

ۋەتەن، خەلق ئۈچۈندۇر دائىم بىزنىڭ ئىشىمىز،
ئازاد تۇرمۇش ئاشىنىسى بولدى ھەربىر كىشىمىز،
زور مەقسەتلەر يولىدا بىزنىڭ ئوي ۋە پىكرىمىز،
ئىجاد ئېتىشتۇر ھارماي يېپيېڭىنى زىكرىمىز،
قوبۇل ئەيلەڭ شېئىرىمنى، سىز بىمالال، سازەندىم.

① شائىر «چال، سازەندىم» ناملىق بۇ مۇخەممەسنى 1944- يىل 9 - ئايدا مەشھۇر سازەندىمىز ۋە ئاتاقلىق مۇقامچىمىز زىكرى ئەلپەتتاغا بېغىشلاپ يازغان. گەرچە بۇ چاغدا شائىر لۇتپۇللا ئاقسۇدا، زىكرى ئەلپەتتا غۇلجىدا بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى شائىرغا زور ئىلھام بېغىشلىغان، شائىر ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئوپېراسى «تاھىر - زۆھرە» غەزەللىرىگە ئاھاڭ ئىشلەشتە، زىكرى ئەلپەتتانىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىدىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان.

# مۇھەببەت

چېلىش، پۈكلە دۈشمەننى، ئۆرتە، ئوتقا ياق،
يېپىش غالىبىيەتكە، سائادەتكە كۆكرەك ياق.
كەسكىن مىنۇت يېتىپ، جانغا كەلسە ئىمتىھان،
دېمە ھەرگىز قۇربان بىرەيمۇ يە ياق.

ئۈز، غۇلاچ تاشلا، ئازادلىق دېڭىزىنى كەچ،
باتۇرلۇق ناخشىسىنى توۋلا ئەتە - كەچ.
ۋەتەن، خەلق قايغۇسىنى ھەممىدىن ئەلا بىل،
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشتە سەن جېنىڭدىن كەچ.

گۈزەل ئەخلاق ھەرقاچان بولسۇن ساڭا يار،
كۆم يامانلىقنى، جايى بولسۇن ئۆڭكۈر - يار.
دۈشمەندىن ئۆزۈڭنى قوغدا، دائىم بول تەييار،
قولۇڭدىن چۈشمىسۇن زادى ئوق بىلەن يار.

1945 - يىل يانۋار، ئاقسۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پايدىلىنىش مەنبەسى

## باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ ①

باھار كۆلمەكتە، يولداش، تەبىئەت غەمگۇزار سىنىڭدەك.
قىش يىغلىدى، كۈلدى قۇياش خۇش زەركار، سىنىڭدەك .

لالىلەر قىلدى تەبەسسۇم، سۇلار سازىن چېلىپ ئاقتى،
دىماغىنى يارار خۇشبۇي، يەلپۈنۈپ چىن ئىنتىزار، سىنىڭدەك .

ئالەمنى ياڭراتقۇچى بۇلبۇللار چاك ـ چاك سايراپ،
كۆكسىنى ئاچار ئېتىز چەكسىز گۈلزار، سىنىڭدەك .

لالە ياڭلىغ گۈللەر يۈزىگە تولۇپ ساپ قانلار،
بۇلبۇللار بەزمىسىگە بولدى خۇمار، سىنىڭدەك .

ئەجەب ئەزىزدۇر باھار پەسللەر ئارىسىدا،
تەڭدىشى يوقتۇر يەنە خۇددى بەك يار، سىنىڭدەك .

زىيادىن ئەمچەك ئەمسە تاللار كىلىندەك تولغىنار،
قۇياش ھەممىگە تەڭ كۈلسە دەپ بەكمۇ ئىنتىزار، سىنىڭدەك .

ئىبخ! ... باھار قەدرىنى يەنە مەندەك كىملەر بىلەر؟!
چۈنكى مەنمۇ چىن باھارغا تەشنائى زار، سىنىڭدەك .

زۇلۇم يوق بىچارىلەرگە قىش بوۋاينىڭ شورىدەك،
شۇلارغىمۇ مەڭگۈ شەپقەت بولسىدى يار، سىنىڭدەك .

ئى باھار، شارقىراتماڭغا بولغۇم بار قاينام ئۆركشى،
چۈنكى كۆكلەم تاڭ شاملى يۇرەككە مادار، سىنگدەك.

1945 - يىل ماي، ئاقسۇ

① لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ مۇۋەششەھنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، سەپدىشى شائىر بىلال ئەزىزىگە بېغىشلاپ يازغان. شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆزىنىڭ باھارغا، ئازادلىققا بولغان تەلپۈنۈشنى قەدىردان دوستى بىلال ئەزىزىگە ئېيتىش ئارقىلىق خەلقنىڭ باھارغا، يەنى ئازادلىققا بولغان تەشنالىقىنى چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلىگەن.

شائىر بىلال ئەزىزى خوتەنلىك بولۇپ، 1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر مەزگىل ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە، كېيىن ساقچى كادىرلىرى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇ ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان يىللاردا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئەدەبىيات بېتىنىڭ مۇھەررىرى ئىدى. شۇ چاغدىلا ئىككى ياش شائىر ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش ۋە بىر - بىرىگە مەدەت بېرىشتەك چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان. شائىر بىلال ئەزىزى 1943- يىلىنىڭ ئاخىرى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچىخانىغا خىزمەتكە بارغاندىن كېيىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشقان. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت بىلەن مەخپىي مۇناسىۋەت باغلاپ، خەلقنى گومىنداڭغا قارشى تەشكىللەش يولىدا جىددىي ئىشلەۋاتقان بىر پەيتتە، خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن قولغا ئېلىنغان. 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بىلال ئەزىزىمۇ بىللە ئۆلتۈرۈلگەن.

## خىيالچان تىلەك

تېڭىرقىمايمەن، دوستلار، تىلەيمەن ئالىي تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەكلەرنى.

مەرد باغۋەن غازاڭ قىلمايدۇ ۋاقتسىز باغنى،
تەربىيسىز سولدۇرۇپ گۈل ـ چېچەكلەرنى.

خىيالىم خۇددى تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبىي بالا،
ئېمىش ئۆچۈن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى.

لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بېقىپ ئاسمانلارغا،
تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرىمەن روشەن بۇجەكلەرنى.

جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نىچۈك تولغانماس؟!
ئاشىقى كۈتۈپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق روجەكلەرنى...

نېمشقا يازماي تىلەك ئارىلاش مۇڭلۇق لىرىكىلارنى،
سۆيگۈ ئىشقى ئۆرتەپ كۆيدۈرسە يۈرەكلەرنى.

ئەزەلدىنلا خىيالچان... مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم،
تىڭشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چۆچەكلەرنى.

سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىدا مەن قاينام تۇرسام،
ئۇسسۇزلۇقۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى.

1945 ـ يىل ئىيۇن، ئاقسۇ

# ئاخىرقى سۆز ①

بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دەۋزەخ،
ياش گۈلۈمنى غازاڭ قىلدى قانخور ئەبلەخ ...

1945 ـ يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ

① بۇ، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا گومىنداڭ تۈرمىسىنىڭ تېمىغا يېزىپ قالـدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى شېئىرى . — مۇھەررىردىن.

# مۇھەببەت ھەم نەپرەت

(كىچىك داستان)

ئەلەمگە نەپرەت ئوقۇدۇم،
مۇھەببەتتىن ئېلىپ ئىلھامنى .
ئالتە يىلنىڭغا[1] شېئىر توقۇدۇم،
قوبۇل قىل، بۇ سوۋغامنى .

1

دۈشمەن غالجىرلاپ،
يېزىنغا تاشلاندى .
توپلار گۈلدۈرلەپ
ھۇجۇم باشلاندى .

ئۆرۈلۈپ تاملار،
باستى ياپونلار .
بالا ــ چاقىلار،
زار قاقشاپ يىغلار .
ۋەيرانلىق تاشتى،
ھەددىدىن ئاشتى .
تاغلارنى كۆزلەپ،

① ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالتە يىللىقى. ــ مۇھەررىردىن.

ئەللىمۇ قاچتى .
— بىزلەرمۇ ئەلدىن
قالمايلى موماي .
قۇتۇلۇشقا ئۇتتىن، —
دېدى جاڭ بوۋاي .
يىغىشتۇرۇشۇپ
نەرسە ـ كېرىكنى؛
ئالدىراشلىقتا
تاڭدى يۈكنى .
بوۋاي كۆتۈردى
خۇرجۇن ـ قاچىنى .
كېرەك ـ ياراغدىن
قالدۇرماي پارچىنى .
تۈيۈقسىزدىنلا
ئىشىك ئېچىلدى .
ئىس ۋە توپىلار
ئۆيگە چېچىلدى .
ۋۇجۇدى خاراب
بىر يىگىت كىردى .
چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ
تېڭىرقاپ تۇردى .
كۆزلىرى ئايىنچ
مەيۈس پاللىدار،
تەلەتى ئۆمسە،
تېنى غالىلدار.
ملتىق ئىستوۋۇلى
يەرگە قارىغان .
جانسىز قوللىرى

www.uyghurkitap.com

پەسكە ساڭگىلىغان .
بوۋاي ھەم موماي
لام ـ جىم دېمىدى .
بىر كۆرۈش بىلەن
ئوغلىنى تونۇمىدى .
يات بىر قىياپەت
غۇدىيىپ تۇرار؛
كۆرمىگەن پەقەت
گەۋدە كۆرۈنەر.
لېكىن بۇ ھالەت
يەنە قىستىدى .
ۋىجدانى تېشىپ
ــ بول، سۆزلە،ــ دېدى .
ئۇ، گۇناھكاردەك
يەرگە يىقىلدى .
مەن ئوغلۇڭلار، دەپ
دېمى سىقىلدى .
مومايىنىڭ كۆزى
يوچۇن پارقىرىدى .
جىمىرلاپ يۈزى
بىردىن ۋارقىرىدى:
ــ ئوغلۇم، قوزام،ــ
دېدى، تاشلاندى،
بوۋاي يۈرىكىدە
غەزەپ باشلاندى .
ۋاقىتسىز كېلىش
شۈبھىگە قويدى .
گوياكى بوۋاي

ئۆزىنى سويدى .
چوڭقۇر كۆزلىرى
ياندى نەپرەتتە .
پاتقاندەك بولدى
چوڭقۇر كۆلپەتكە .
كەكە ساقىلى
تىترەپمۇ كەتتى .
ئەلەم - غەزىپى
سۆڭەككە يەتتى .
— ئېيت نېمە ئۈچۈن،
كەلدىڭ بۇ ياققا؟
ھەممە كۈرەشتە
بويالسا قانغا .
قانلىق سوقۇشلار
ئەۋج ئېلىۋاتسا،
دۈشمەن ئېلىڭگە
زۇلۇم سېلىۋاتسا؛
دۈشمەننى يېڭىپ
سوقۇش بىسىلغاندا،
غەلىبە تۇغى
ئېگىز ئېسىلغاندا؛
كەلسەڭ بولمامدۇ،
ئاندىن بۇ ياققا ...
ئالمامدۇق سېنى
ئاندىن قۇچاققا .
قارىشىڭ غەلىتە،
ئەھۋالىڭ ناچار.

كەچۇرمىشىڭنى
قىل ئەمدى ئىزھار ...

بىرىلگەن سوراق،
جاڭنى تىترەتتى .
موماي ئېچىنىپ:
«قوي، تەگمە» — دېدى .
بوۋاي مومايغا
ئالىيىپ قارىدى .
گويا كۆز بىلەن
ھەقنى ئايرىدى:
سوئالدىن ئۆتكەي،
راست جاۋاب بەرگەي .
باشتىن ئۆتكەننى
قويماستىن دېگەي .
سۆزىنى ئاڭلاپ،
ئوبدان چۈشىنەي،
نېمگە كەلدى،
ئاندىن ئىشىنەي .
شۇندىلا بالام
ھەم جان قوزام دەي .
باغرىمغا بېسىپ،
يۈزىدىن سۆيەي .
قارايتتى ئانا
قاتتىق ھومىيىپ،
سۆزلەلمەس ئوغلى
ئاينىچ ھودۇقۇپ .
كۆرەشتىن زېرىكىپ

كەتتىم دېمىدى .
سىلەرنى سېغىنىپ
كەلدىم دېمىدى .
يۇلنىڭ ئىشقى
قويمىدى، دېمىدى،
يۈرەك جامالىغا
تويمىدى، دېمىدى؛
گەپ قىلالمىدى،
ھودۇقۇپ كەتتى .
خىجىللىق دەردى
يۈرەككە يەتتى .
قىزاردى يۈزى،
پارقىراپ كۆزى،
كۆچسىز لېۋىدىن
چىقمىدى سۆزى .
گويا تەگكەندەك
ئۈستىگە قامچا،
ماڭالايدىن ئاقتى
چىپىلداپ تامچا .
يارىتامدۇ ئاتا
بۇنداق كېلىشنى؟!
ئورۇنسىز، بىۋاق
بۇ «سېغىنىش»نى ؟!
— سىلەرنى سېغىندىم،
شۇڭلاشقا كەلدىم .
ئاخىرقى ئۆمرۈمدە
بىللە ئۆلەي دېدىم .
— كەچتىم سېنىڭدەك

مېنىڭ ئوغلۇم يوق .
سەندەك ئوغۇلسىز
مېنىڭ كۆڭلۈم توق .
مۇنداق ئوغۇللۇق
ساڭا ئەمەس خاس .
قورقۇش ۋە تىترەش
ھەرگىز ياراشماس .
نېمە قىلساڭ قىل،
بىزلەر كېتىمىز .
پارتىزانلارغا
بېرىپ يېتىمىز ،
مەن قېرى ئاتاڭ
بولدۇم پارتىزان.
ۋەتىنىم جېنىمدۇر ،
ھەممىدىن مېھرىبان .
ئاداققى ئۆمرۈمدە
ۋەتەن دەپ ئۆلەي .
ۋەتىنىم ئۈچۈن
ساپ قېنىم تۆكەي، —
دېدى گەپ - سۆز يوق،
موماينى يېتىلىدى .
ئىشىك تەرەپكە
ئوقتەك ئېتىلدى .
يىگىت ھەيكەلدەك
قېتىپلا قالدى .
چوڭقۇر خىيالغا
پېتىپلا قالدى .

2

تالاغا چىقتى،
قارىدى ئۇزاققا،
بوۋاي ۋە موماي
كەتكەن يىراققا .
قىشنىڭ شاملى
چىقىپ ئۆتىدۇ .
يېڭى ئىزلارنى
كۆمۈپ كېتىدۇ .
ئۆپچۆرە خاراب ،
قارا كۆل بولغان .
باغۇ بوستانلار
دەشتۇچۆل بولغان .
ھېسابسىز جەسەت
دۆۋىلىنىپ ياتقان .
يېزىنىڭ ئىچى
قانلارغا پاتقان .
لاۋۇلداپ يالقۇن
ئەتراپنى قاپلار .
ۋەھشىي ياپونلار
پاك جاينى تاپلار .
تۈن قاراڭغۇسى
كەلدى ـ دە، باستى .
گوياكى ئۇنى
تىك دارغا ئاستى .
ئۇنىڭ يۈرىكى
خۇددى ئىدى تاش .

دارنىڭ ئاستىدا
ئەگمەس ئىدى باش .
كۆزى يۇمۇلۇپ ،
يەنە ئېچىلدى ،
خۇددى ئالدىغا
نۇرلار چېچىلدى .
كۆردى ئالدىدا
باشقىچە گەۋدە ،
چېھرىدە يېڭىش
قىلار تەنتەنە .
يۈزى قىپقىزىل،
خۇددى جىنەستە ،
زىلۋا بويلىرى
سىرلىق گۈلدەستە .
يىگىتنىڭ كۆزى
يوغان ئېچىلدى،
پەرۋاندەك ئۇ
قىزغا ئېتىلدى .
— سەنمۇ ئومىقىم،
سۆيگۈنۈم يۇلى،
بەختىم بېغىنىڭ
ئېچىلغان گۈلى .
بىراق، ياش قىزچاق،
چېكىندى دەرھال،
ئۆزگىرىپ رەڭگى،
تىترىدى غال - غال .
— توختىغىن، تۇتما،
ماڭا قول سوزما .

مۇھەببەت شەرتىن
ۋاقتىسىز بۇزما .
ئەسكەر ئىدىڭ سەن،
نېمگە كەلدىڭ؟!
ئۇشتۇمتۇت كەپسەن،
كىمنى سېغىندىڭ؟!
ئاتا ھەم ئاناڭ
تاغلاردا يۈرسە،
ۋەتەن يولىدا
جاپالار كۆرسە،
سەن بۇ يەرلەردە
نىم قىپ يۈرسەن؛
دۈشمەنگە قانداق
مۇشتۇم تۈرسەن؟!
قېنى سەندىكى
ياشلىق ئىرادە؟
قېنى سەندىكى
ئاداققى ۋەدە؟!
قېنى كۈرەشتە
باتۇر بولغىنىڭ،
دۈشمەننى سۈرۈپ،
تارمار قىلغىنىڭ؟
قېنى مۇشەققەت،
جاپاغا تۆزگىنىڭ،
قېنى يېڭىشنىڭ
سۆيىدە ئۆزگىنىڭ؟!
قېنى ۋەتەنگە
جاننى بەرگىنىڭ؟!

قېنى دۈشمەنگە
كۆكرەك كەرگىنىڭ ؟!
قېنى ئېيتقىنا،
چىن مۇھەببىتىڭ ؟!
ۋەدىلەر بېرىپ،
يازغان ئۇ خېتىڭ ؟!
ھەربىر كۈرەشتە،
ئۇلۇغ تەۋرەشتە،
غەلىبە قۇچۇپ،
يازىمەن دېگىنىڭ؟
پولاتتەك چېنىپ،
دۈشمەننى يېڭىپ،
ئۈستۈنلۈك ئېلىپ،
بارىمەن دېگىنىڭ ؟!
ھەممىسى يالغان ،
سەندەك سۆيگۈ يوق .
يولىغا باققان
ئىنتىزارىم يوق .
مۇھەببەت ئەسلى،
كۈرەشتە ئاشار.
ئۇندىن كۈچ ئېلىپ،
دولقۇنلاپ تاشار.
مەندە مۇھەببەت
ھەرگىز سوۋۇماس؛
سەن چۈشەنگەندەك
نەپرەتلىك بولماس .
قىستاڭ كۈنلەردە
ئۆچمەس يالقۇنى .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

تىڭشىساڭ ئەگەر
دىڭىز شاۋقۇنى .
مەنزىلگە بارماي،
بۇندا قىلىپسەن،
كۆرەشتىن قىچىپ،
ھالدىن تېيىپسەن .
خوش ئەمىسە، جاك،
تاغقا كېتىمەن،
پارتىزانلارغا
بېرىپ يېتىمەن .
دېدى - دە، قارىدى
ئوييناق كۆزىدە .
بار ئىدى غەزەپ
ئوتلۇق سۆزىدە .
يىگىت بىرھازا
تاش بولۇپ قاتتى،
تىرىكلا تۇرۇپ،
قەبرىگە پاتتى .
بۇ مۇھەببەتنىڭ
نەپرىتى ئىدى؛
ئەلنى سۆيۈشنىڭ
قىزغىن تەپتىدى .
يىگىت تىلەتتىن
كۆزدىن كەچۈردى.
سۆيگۈ ئوتىنىڭ
مېھرىن ئۆچۈردى .
غەزەپكە تولۇپ،
تاغقا يول ئالدى .

«ئاھ!...» دېدى يىگىت،
قېتىپلا قالدى.
بېشى ئايلىنىپ،
كۆزى تورلاشتى،
گۈلدەك چىرايى
بىردىن سولاشتى.

3

يۈگۈردى، باردى
لېيەنجاڭ ئالدىغا.
«ئەپۇ قىل» دېدى،
يىقىلىپ پۇتىغا؛
— يىڭىلدىم، ئازدىم،
مەن چوڭ گۇناھكار.
غەزەپ ۋە نەپرەت
تاشنىمۇ كېسەر.

4

كېتىپ بارار جەڭ،
ئۈچ كۈندىن بېرى،
ئۇرۇش تەقدىرى
بولماي بىر سېرى.
جوڭگۇ ئاكوپلار
قويماي يىمرىلدى،
دۈشمەن ئەسكىرى
مىڭلاپ قىرىلدى.
شۇندىمۇ دۈشمەن

قايتماس ئارقىغا،
جان ـ پىنى چىقىپ
كەلسىمۇ ھەلقۇمىغا .
ئۇرۇش تەقدىرىنى
قىلىش ئۈچۈن ھەل ؛
ئاتاكا باشلاندى
مەيدان بويلاپ دەل .
قىيقاس ۋە چۇقان
قاپلاپ مەيداننى؛
كۆرۈنەر خۇددى
قويماستەك جاننى .
ئۇچراشتى ئەنە،
ئىككى تەرەپ تەك،
باشلاندى قانلىق
گىرەلەشمە جەڭ .
جاڭنىڭ نەيزىسى
دائىم سانجىلار،
كۈچلۈك قولىدا
دۈشمەن يانچىلار .
كەلسە ياپونلار
تاشلايدۇ مىجىپ،
جاڭنىڭ ئالدىدىن
كېتەلمەس قېچىپ .
قانلار تۆكۈلدى،
دەريا ـ كۆل بولدى،
دۈشمەن تارمار بوپ،
غەلبە مول بولدى .
تاغدىن پارتىزانلار

كېلىپ قوشۇلدى.
دۈشمەن بەللىرى
تامام ئۈشتۈلدى .

5

سوقۇش تۈگىدى،
جەڭمۇ بېسىلدى .
غەلبە تۇغى
ئېگىز ئېسىلدى .
ئۇرۇشتىن يەكۈن
قىلغاندا لېيەنجاڭ،
ئۇنىڭ سۆزىنى
بۆلەتتى چۇقان .
دۈشمەن يوقاتقان
قورال ۋە جاننى
كۆرستىپ كېلىپ،
ئەسلىدى جاڭنى .
— ۋەتەنگە باغلاپ
يۈرىكىن دائىم،
قىلمىدى ئەسلا
ئۆلۈمدىن ۋايىم .
بۇ قېتىم جەڭدە
يالغۇز بىر ئۆزى،
كەلسىمۇ قارشى
دۈشمەندىن يۈزى،
قەدەم چېكىنمەي
ئالغا ئىنتىلدى،
دۈشمەن ئۈستىگە



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىم

ئوقتەك ئېتىلدى .
ئۇرۇشمۇ تۈگەپ،
ئىزدىدىم ئۇنى .
تەبرىكلەش ئۈچۈن
باتۇر جەڭچىنى .
ھېچكىم بىلمەيدۇ
نەدە قالغىنىن،
ياكى مەجرۇھ بوپ
ھوشسىز تالغىنىن .
سۆزمۇ تۈگىمەي،
پەرياد سالدى قىز .
مەيدانىنى بويلاپ،
باراتتى ئۇ تېز .
مەيدان كېزەتتى،
كۈن - تۈن ئىزدەيتتى .
جەڭچىنىڭ ئىشقى
قەلبىن ئېزەتتى .
چىدىيالماس ھېچ
جەسەتنى تاپماي،
يۈزىگە قىزىل
بايراقنى ياپماي .
ياقىلاپ دەريا،
باراتتى ئالغا .
ئىنتىزار بولغاندەك
گۈزەل بىر تاڭغا.
ئېشىپ قىرغاقتىن،
چىققاندا بىر چاغ،
پۈتلەشتى ئاڭا

سوزۇلغان ئاياغ .
ئاتتى ئۆزىنى
جەسەت ئۈستىگە؛
چىدالماي پەقەت
جاڭنىڭ ھۆسنىگە .
يىغلايتتى قىزچاق
تۆكۈپ يېشىنى .
يەردىن كۆتۈرمەي
مۇڭلۇق بېشىنى .
— كەچۈر يىگىتىم،
سۆيۈملۈكۈم جاڭ،
سېنىڭدىن رازى،
ئاتا ۋە ئاناڭ .
سېنىڭدىن رازى
ئۇرۇق - تۇغقىنىڭ:
سەپتىكى جەڭچى
ۋەتەن ھەم يۇرتۇڭ!

6

مۇھەببەت، نەپرەت
بىر تۇغقان ئەمەس .
لېكىن بۇلارنى
ئايرىماق بەك تەس .
نەپرەت ھەم لەنەت
دۈشمەنگە خاستۇر؛
دوستقا مۇھەببەت
ھەرقاچان ماستۇر.
دۈشمەنگە نەپرەت
ھەربىر يۈرەكتە
يانسۇن، تۇتاشسۇن

ئۆرلەپ پەلەككە .
ۋەتەن، بىل، ئانالً،
قاينىسۇن رىغبەت ،
مەشئەلدەك يانسۇن
قايناق مۇھەببەت .
مۇھەببەت جاڭنى
سورىدى جەڭدە .
باغلىغاچقا دىل
ئەزىز ۋەتەنگە .

7

تۈن ئىدى بوران،
قۇترار شۇىرغان .
كىملەر شەرققە
قاراپ يول ئالغان ؟!
جۇڭخۇا ئەۋلادى،
ئۇلار جەڭچىلەر .
ۋەتەن يولىدا
كۆرەشكۈچىلەر .
قۇترىسىمۇ جۇت،
بەربىر، ماڭار،
تۈنلەر سۈرۈلۈپ،
ئاتقۇچە تاڭلار .
تاڭنىڭ شولىسى
ئەنە يىراقتا ؛
كۆرەش بىلەن سەن
چامدا، شۇ ياققا !

1942 - يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# يىللارغا جاۋاب

ئاپتورى : لۇتپۇللا مۇتەللىپ
نەشرگە تەييارلىغۇچى : يالقۇن روزى
مەسئۇل مۇھەررىرى : زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نىغمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ئايگۈل ياسىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
سانقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى : 4
قىستۇرما بېتى : 4
نەشرى : 2008 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5001—8000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—11691—1
باھاسى : 12.00 يۈەن

[General Information]
书名=给岁月的答复  维吾尔文
SS号=40232596